
# قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى

(ئۈچىنچى توپلام)



جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قەشقەر
شەھەرلىك تارىخي ماتېرىياللار تەتقىقات
ھەيئىتى تۈزدى

# قەشقەر شەھىرى تارىخىي
# ماتېرىياللىرى

ئۈچىنچى توپلام

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابدۇرەشىت ھاجى

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قەشقەر شەھەرلىك
تارىخىي ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش ھەيئىتى تۈزدى

1989- يىل ئاۋغۇست

# قىسقىچە مەزمۇنى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىق بايرىمىغا بېغىشلانغان بۇ توپلامغا 9 پارچە ماتېرىيال كىرگۈزۈلدى. ماتېرىياللار ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇنلار ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. يولداش ۋاڭ يىڭلىن يازغان «قەشقەر شەھىرى قۇرۇلۇشىنىڭ باش - ئاخىرى» دا قەشقەر شەھىرى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى تارىخىي خاتىرىلەر ۋە تارىخىي شەخسىيلەرنىڭ پائالىيەتلىرى تەپسىلىيرەك يېزىلغان. يولداش ئابدۇرەشىت ھاجى (شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى) يازغان ماقالىدا، 1938- يىلى قەشقەردىكى ھەر ساھە خەلقىنىڭ چوڭ ئارقا سەپتە تۇرۇپمۇ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا مەدەت ۋە ياردەم بەرگەنلىكى، بولۇپمۇ شەھەردىكى ھەر ساھە زاتلاردىن 1000 سەردىن ئارتۇق پۇل (قەشقەر پۇلى) ئىئانە قىلغانلارنىڭ ئىسىملىكى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. يولداش ئابلىمىت سابىر رەتلىگەن قەشقەردىكى «مۇئەللىم» گېزىتى توغرىسىدىكى ماقالىدا «مۇئەللىم» گېزىتىنىڭ نەشىر قىلىنىشى، تارقىلىش ئەھۋالى، قەشقەردىكى زىيالىيلارنىڭ شىنجاڭدا تىنچلىق بېتىم تۈزۈلۈشىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى «مۇئەللىم» گېزىتىنى چۆرىدەپ مەركەزلىكلىدا ئىپادىلەنگەن. يولداش ئابدۇقادىر ھېيت يازغان تاشقورغان ئىنقىلابىي ھەققىدە قىسقىچە بايان» دا تاش-

قورغاندا پارتلىغان كومىنداڭغا قارشى ئىنقىلابنىڭ پارتلاش سەۋەبى، تەييارلىقى، تەرەققىياتى؛ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت، ئىن- قىلابىي قوشۇنىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي شەخسلەر تونۇشتۇرۇلغان، قەشقەرنىڭ ئەن- ئەنىۋى قول ھۈنەر - سەنئىتى، ئۇزاق تارىخىي مەدەنىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ماقالىلارمۇ بېسىلدى.

# مۇندەرىجە


قەشقەر شەھىرى قىزىرۇلىشىنىڭ باش ئاخىرى......
......................................... ۋاڭ يىڭلىن 1

قەشقەر شەھىرىدىكى ھەر ساھە خەلقىنىڭ ياپون-
غا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا قوشقان تۆھپىسى............
....................... ئابدۇرىشىت ھاجى 11

قەشقەردىكى «مۇئەللىم» گېزىتى ھەققىدە.........
....................... ئابلىمىت سابىر رەتلىگەن 19

تاشقورغان ئىنقىلابىي ھەققىدە قىسقىچە بايان......
....................... ئابدۇقادىر ھېيت 29

«ماتاساھىپ» توغرىسىدا...... قەمەرجان رەتلىگەن 59

تۆمۈر ئېلى سىجاڭ قەشقەردە...... شىرىپ خۇشتار 68

قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي قول سانائىتى...
....................... ئەكبەر مەتمىن 74

قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىختىكى مەدەنىيەت تەرەق-
قىياتىدىن ئومۇمىي بايان.......... ۋاڭ شى ياڭ 90

قەشقەردە كۆتۈپخانىچىلىق...... مۇھەممەت ئوسمان 171

[illegible]

# قەشقەر شەھىرى قۇرۇلۇشىنىڭ باش ئاخىرى

قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى:

ۋاڭ يىگىلىن

1952-يىلى 5-ئاينىڭ 23-كۈنى مەركىزىي مەمۇرىي كېڭەش غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي كومىتېت خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن تەستىقلاپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ۋالىي مەھكىمىگە قارايدىغان غۇلجا، قەشقەردىن ئىبارەت ئىككى شەھەرنى كۆپەيتىپ قۇرۇشقا قوشۇلغانىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قەشقەر شەھىرى قۇرۇلغان. شۇ يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ئالدى بىلەن، جۇڭگو كومپارتىيىسى قەشقەر شەھەرلىك كومىتېتى قۇرۇلدى. بىرىنچى قېتىم شۇجى بولغان كىشى دوڭ چۆەنلىن (بۇرۇن 4-دىۋىزىيە 10-تۇەنىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان) ئىدى. ئارقىدىنلا بىرتۈركۈم كادىرلار كەينى - كەينىدىن يۆتكەپ كېلىندى، شەھەرلىك كومىتېت مەسئۇللىقىدا قەشقەر شەھەرلىك ھۆكۈمەت ۋە شەھەر دەرىجىلىك ئورگانلار قۇرۇلىدىغان بولدى. 10-ئاينىڭ 3-كۈنى 11 كىشىلىك قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش تەييارلىق ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، تۇنجى شەھەر باشلىقى بولغان ئابدۇر يېھىم ئىلىتىپ (ئەسلىدە مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ھاكى-

مى ئىدى، كېيىن شىنجاڭ دېموكراتىك ئىتتىپاق قەشقەر شۆ-
بىسىنىڭ مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئۆتەۋاتاتتى ) مۇدىر ھەيئەت
بولدى. 22 كۈنلۈك تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق 1952-يىلى
10-ئاينىڭ 25-كۈنى (جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىملىرىنىڭ
ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشكە بار-
غانلىقىنىڭ ئىككى يىللىق خاتىرە كۈنى) خەلق كانۇبى (ھازىر-
قى ھېيتگاھ كىنو-تىياتىرخانا) دا قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈ-
مىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىم يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. جەنۇبىي
شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم، قەشقەر يەرلىك پارتكوم، قەشقەر
ۋالىي مەھكىمىسى، كونىشەھەر ناھىيىسى، يېڭىشەھەر ناھىيىسى،
شۇنداقلا 4-دىۋىزىيىنىڭ رەھبەرلىي يولداشلىرى يىغىنغا قاتنىش-
قان. ۋالىي سەيپۇللايۇپ يولداش ئابدۇرېھىم لىتىپنىڭ قەشقەر
شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى شۇنداقلا
شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى بۆلۈم-ئىشخانىلىرى-
رىغا تەيىنلەنگەن رەھبەرلىي كادىرلارنى ئېلان قىلغان ھەمدە
سۆز قىلغان.

شۇ چاغدا شەھەرلىك پارتكوم ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ شەر-
قىدە ھازىرقى چاسا كوچا باشقارما بىلەن مېتال بۇيۇملار، ئې-
لېكتىر سايمانلار ماگىزىنىنىڭ ئورنىدا (ئەسلىدە جەنۇبىي
تيانشان گېزىتخانىسىنىڭ ئورنى ئىدى، جەنۇبىي تيانشان گې-
زىتخانىسى ھازىرقى دورا شىركىتىنىڭ ئورنىغا كۆچكەن) كوچا
بويىدىكى ئىككى قەۋەتلىك، ئوك تەرىپى توققۇز ئېغىزلىق،
ياغاچ-پىششىق خىش قۇرۇلمىلىق بىنانى ئىشخانا قىلىپ خىز-
مەتنى قانات يايدۇرغانىدى. شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى
ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ھازىرقى ھېيتگاھ

سودا سارىيىنىڭ ئورنىدا (ئەسلى شىنجاڭ دېموكراتىك ئىتتى-
تىپاق قەشقەر شۆبىسىنىڭ ئورنى بولۇپ، شۆبە ئىتتىپاق خەلق
كىلىپ بىغا كۆچۈپ كەلگەن) يول بويىدىكى ئىككى قەۋەتلىك،
ئوڭ تەرىپى يەتتە ئېغىزلىق پىششىقخىش..ياغاچ قۇرۇلمىلىق
بىنانى ئىشخانا قىلىپ ئىشلىگەن. شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈ-
مەتنىڭ ئىشخانا بىنالىرى شۇ چاغدا قەشقەردە خېلى ياخشى
بىنالاردىن ھېسابلىناتتى، ھازىر ھەممىسى چېقىپ تاشلىنىپ
يېڭىلاندى.

شەھەرلىك پارتكومنىڭ تۇنجى تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى
دوڭ جىڭخۇا، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مۇ لىيەن ئىدى، بىر-
لىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاقىتىنچە كەم بولۇپ ئاساس-
لىق باشقۇرغۇچى خادىم دۇچىنسەي مەسئۇل بولۇپ تۇرغانىدى.
كاتىپ (ھازىرقى ئىشخانا مۇدىرى بىلەن باراۋەر) ۋاق-
تىنچە كەم بولۇپ كېيىنچىرەك سۈي گۇاڭشىن، ئىزاق ئۆت-
مەيلا ۋاڭ خۇازىڭ ئۆتىگەنىدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى (1953-
يىلى قۇرۇلغان) رەئىسلىكىنى جاڭ شۇدې، ئىتتىپاق خىزمەت
كومىتېتى شۇجىلىقىنى لى ۋېيشياۋ، ئاياللار بىرلەشمىسى مۇ-
دىرلىقىنى جاۋشىلىڭ (شىبە مىللىتىدىن)، كېيىنچىرەك ھۆر-
نىسا ھاشىم ئۆتىگەنىدى. شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كا-
تىپلىقىنى خوجى ئەخمەت ئابدۇللايوپ (كېيىن قەشقەر ۋىلا-
يەتلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىش-
لىكىگە يۆتكەلگەن)، كېيىن ياڭ چىڭدۇڭ ئۆتىگەن،
خەلق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىنى سەيدىگىيى، مالىيە بۆ-
لۈم باشلىقلىقىنى ۋۇجىڭرىن، قۇرۇلۇش بۆلۈم باشلىقلىقىنى
رەھمىتۇللا ھامۇت ۋە ئەبەيدۇللا سۇلتان، مەدەنىيەت- مائارىپ بۆ-

لۈم باشلىقلىقىنى ھېلىم مۇھەممەدى، سودا-سانائەت بۆلۈم باش-
لىقلىقىنى ئابلىز ھېيت ئۆتىگەن، سەھىيە بۆلۈم باشلىقى كەم بولۇپ
مەمەت تۇرسۇنۋاقىتلىق مەسئۇل بولغان، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئى-
دارىسىنىڭ باشلىقى ھېسامىددىن، باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئى-
مام، لى يۈكۈي، ئاشلىق شىركەت جىڭلىسى زۇخۇەنيۈ، زورۇددىن،
سوت مەھكىمە باشلىقى كەم بولۇپ كاتىپ نەزەر ئوسمانۋاقىتلىق
مەسئۇل بولغان، تەپتىش مەھكىمە باشلىقلىقىنىۋاقىتىنچە جامائەت
خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن ھېسامىددىن قوشۇمچە، كېيىنچىرەك ۋاڭ-
شۇنباۋ، ئابدىرېھىم مەمەت ئۆتىگەن، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ
باشلىقلىقىنى ئابدۇكېرىم خۇدابەردى (كېيىن سوۋېتكە كەت-
كەن)، كېيىن ئابدۇغوپۇر ئابدىرېھىم قاتارلىقلار ئۆتىگەنىدى.

قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن
دەرھاللا كونىشەھەر ۋە يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەت-
لىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرى بىلەن ئۆتكۈزۈۋېلىش، تاپ-
شۇرۇپ بېرىش ھەيئىتى قۇردى ھەمدە ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئۆتكۈ-
زۈپ بېرىش خىزمىتىنى باشلىدى. قەشقەر شەھىرى كونىشەھەر
ناھىيىسىنىڭ تۆت رايون، 57 كوچا، 13 يېزىسىنى، جەمئىي
21497 ئائىلە، 83257 نوپۇسىنى؛ يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بىر
رايون، ئىككى كوچا، تۆت يېزىسىنى، جەمئىي 3869 ئائىلە، 13904
نوپۇسنى ئۆتكۈزۈۋالدى؛ 1953-يىلى 1-ئايدا بارلىق ئۆتكۈ-
زۈۋېلىش - ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتى ئاخىرلاشتى. قەشقەر شە-
ھىرى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن يېزا - شەھەرنى بىرلەشتۈرۈپ
بەش رايون قىلىپ بۆلدى: بىرىنچى رايون گىڭگۇڭ رايونى (ھا-
زىرقى چاسا كوچا باشقارما تەۋەسى) دەپ ئاتىلىپ 15 كوچا-مە-
ھەللە، بەش يېزا قارايتتى؛ ئىككىنچى رايون تەنتەربىيە را-

يونى (ھازىرقى قۇمدەرۋازا كوچا باشقارمىسى تەۋەسى) دېيىلىپ 13 كوچا-مەھەللە، ئىككى يېزا قارايتتى؛ ئۈچىنچى رايون مەدەنىيەت رايونى (ھازىرقى يارباغ كوچا باشقارما تەۋەسى) دېيىلىپ 15 كوچا مەھەللە، تۆت يېزا قارايتتى؛ تۆتىنچى رايون يېڭى رايون (ھازىرقى ئۆستەڭبويى كوچا باشقارما تەۋەسى) دېيىلىپ 14 كوچا-مەھەللە، ئىككى يېزا قارايتتى؛ بەشىنچى رايون يېڭىشەھەر (ھازىرقى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەھەر بازىرى) دېيىلىپ ئىككى كوچا-مەھەللە، 14 يېزا قارايتتى. شۇچاغدا قەشقەر شەھىرىنىڭ دائىرىسى شىمالدا ئايرودرومغىچە، شەرقتە ھازىرقى قەشقەر مېھمانخانىسىدىن تارتىپ توقۇمىچىلىق زاۋۇتى ئەتراپىغىچە، جەنۇبتا يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەھەر بازىرىغىچە، غەربتە ھازىرقى شامالباغ يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇۋاتقان جايلاردىن تارتىپ قىزىل دەريانى ئاتلاپ پاختەكلى يېزىسىغىچە باراتتى. پۈتۈن شەھەر بويىچە بەش رايون، 59 كوچا-مەھەللە، 17 يېزا، جەمئىي 25356 ئائىلە، 97160 نوپۇس، 107.683 مو تېرىلغۇ يەر قارايتتى. بىرىنچى رايونلۇق ھۆكۈمەت ھازىرقى شەھەرلىك سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى تۇرۇشلۇق جايغا ئورۇنلاشقان، رايكوم شۇجىسى جاۋيۈەنچىڭ، رايون باشلىقى ئۇرايىم سوپى ئىدى؛ ئىككىنچى رايونلۇق ھۆكۈمەت ھازىرقى ۋىلايەتلىك بىناكارلىق لايىھىلەش ئورنىدا سېپىلگە يۆلەپ ئورۇنلاشقان، بۇ جاي، بۇرۇنلا چېقىۋېتىلدى، رايكوم شۇجىسى سۇنتيەنچۈەن، رايون باشلىقى بارات سەلەي ئىدى؛ ئۈچىنچى رايونلۇق ھۆكۈمەت ھازىرقى ئەنجانكوچا بازىرى ئىچىگە ئورۇنلاشقان، رايكوم شۇجىسى ۋۇشىڭچى، رايون باشلىقى ئوبۇلخەيرى ئىدى؛ تۆتىنچى رايونلۇق ھۆكۈمەت ھازىرقى ئۆس-

تەگبويى كوچا باشقارمىغا يانتۇراق ئۇدۇل بولغان كوچا ئىچىـ
دە، پۈۋرا ئۆيىگە ئورۇنلاشقان، رايكوم شۇجىسى دۇيۇجاۋ، راـ
يون باشلىقى هوشۇر سوپى ئىدى؛ بەشىنچى رايونلۇق هۆكۈمەت
هازىرقى يېڭىشەهەر بازىرىغا ئورۇنلاشقان، رايكوم شۇجىسى
سىزىگۇاڭشىن، رايون باشلىقى تۇرسۇن بەكرى ئىدى.

شەهەرلىك پارتكوم، شەهەرلىك هۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن
كېيىنكى مەركىزى ۋەزىپە يەر ئىسلاهاتى (شەهەرگە قاراشلىق
17 يېزىدىن پاختەكلە يېزىسىدا يەر ئىسلاهاتى ئېلىپ بېرىلىپ
بولغان، قالغان 16 يېزىدا بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلغان) ئېـ
لىپ بېرىش بولدى، ئىسلاهات 1953- يىلى 7- ئايدا باشلىنىپ
10- ئاينىڭ 15- كۈنى ئاخىرلاشتى. ئارقىدىن ئۇلاپلا ئومومىي
سايلام خىزمىتى قانات يېيىپ، ئاۋۋال يېزىدا، ئاندىن شەهەر
ئىچىدە ئېلىپ بېرىلدى. يېزا كەنتلەردىكى هەر قايسى يېزىلار
12- ئاي ئىچىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، بىرىنچى نۆۋەت -
لىك يېزا خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، يېزا باشلىقى
ۋە مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىرىنى، يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ هەيئەتـ
لىرىنى سايلاپ چىقتى. ئومومىي سايلامغا بىرىكتۈرۈپ يېزىدا
يەنە 6- ۋە 7- رايونلار قۇرۇلدى. رايونلۇق مەهكىمىلەر بىر
دەرىجىلىك هاكىمىيەت ئەمەس (يېزا بىر دەرىجىلىك هاكىمىـ
يەت) بەلكى شەهەرلىك هۆكۈمەتنىڭ ۋاكالەت ئورگىنى، بۇ ئورـ
گانلار 1953- يىلى 12- ئايدا خىزمەتنى باشلىۋەتكەنىدى. ئالتىنچى
رايونلۇق هۆكۈمەت هازىرقى ۋىلايەتلىك كادىرلار ساناتورىيىسىـ
نىڭ ئورنىدا قۇرۇلۇپ شەهەرنىڭ شەرق ۋە شىمالىدىكى سەكـ
كىز يېزا (ئەسلى توققۇز يېزا بولۇپ بۇنىڭدىن ئەسلىدىكى ئۈچىنچى
يېزا بىلەن تۆتىنچى يېزا بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن) جەمئىي 6552 ئاـ

ئىلە، 26456 نوپۇس، 35402 مو يەر قارايتتى، رايكوم شۇجىسى
گوكېزۇ، رايون باشلىقى ئوسمان بەكرى ئىدى؛ يەتتىنچى را-
يوناۇق هۆكۈمەت هازىرقى شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا
مۇلازىمەت مەركىزى ئورنىدا قۇرۇلغان، بەش يېزا (ئەسلى
تۆت يېزا بولۇپ سابىق بىرىنچى يېزىنى ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن)،
4215 ئائىلە، 10113 نوپۇس، 28641 مو تېرىلغۇ يەر قارايتتى،
رايكوم شۇجىسى جاۋ يۈەنچىڭ، رايون باشلىقى تۆمۈر قاسىم ئىدى.
1954- يىلى 2- ئايدىن 3- ئايغىچە شەھەر ئىچىدىكى
تۆت رايوندا ئومومىي سايلام ئېلىپ بېرىلدى. 1954- يىلى 4-
ئاينىڭ 6- كۈنىدىن 9- كۈنىگىچە قەشقەر شەھەرلىك بىرىنچى
نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ 1- سانلىق يىغىنى ئې-
چىلدى، يىغىن خوجى ئەخمەت ئابدۇللا يوپنى شەھەر باشلىقى
(ئەسلىدە قەشقەر ۋىلايەتلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپ-
تىشى ئىدى)، مەمەت توختى قاتارلىق 17 كىشىنى شەھەرلىك
هۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى قىلىپ سايلىدى، ۋاڭ ئىنماۋ قاتارلىق
13 كىشىنى ئۆلكىلىك بىرىنچى نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇ-
رۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ سايلىدى. سابىق شەھەر باشلىقى
ئابدۇرېھىم لىتىپ 1953 - يىل ئاخىرىدا قەشقەر ۋالىي مەھ-
كىمىگە مۇئاۋىن ۋالىي بولۇپ يۆتكەلگەنىدى، كېيىن يەنە خو-
تەن ۋالىي مەھكىمىسىگە ۋالىي بولۇپ يۆتكەلگەن. هازىر ئاپتو-
نوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرى. مۇشۇ بىر مەزگىل ئىچىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ شەھەر
باشلىقلىقىنى ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇ-
ئاۋىن شۇجىسى هوشۇرۇپ ۋە هازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتى-
مائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنىدا.

ئىشلەۋاتقان ھاجىنىڭ ھاجىلار مۇۋەققەت ئۆتەپ تۇرغان. شەھەر-
لىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى دوڭچۇەنلىنىڭ 1953 - يىلى ئاخىرى-
دا قەشقەر ۋالىيى مەھكىمىسى خەلق ئىشلار باشقارمىسىغا باشقارما
باشلىقى بولۇپ يۆتكەلگەن، كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق 1- سىن-
ىونت زاۋۇتىغا باشلىق، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئاپتونوم را-
يونلۇق بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ پارتكوم شۇجىلى-
قىغا يۆتكەلگەن، ھازىر ئارام ئېلىشقا چىققى. ئىككىنچى نۆۋەت-
لىك شۇجى لى چۇنفاڭ بولدى. ئۇ ئەسلىدە يېڭىسار ناھىيىلىك
پارتكوم شۇجىسى ئىدى، كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆ-
كۈمەت ئىدارىلىرى مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا جۇجاڭ
بولغان. ھازىر ئارام ئېلىشقا چىققى. مۇئاۋىن شۇجى ھوشۇرۇپ
ئەسلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئىدى، كېيىن قەشقەر يەرلىك
پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن بۇجاڭى بولغان؛ يەنە بىر مۇئاۋىن شۇجى
سابىق تەشۋىقات بۆلۈم بۇجاڭى مۇلىيەن ئىدى.
بىرىنچى نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدىن ئىلى-
گىرى 1953- يىلى ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ ئۈچ قېتىم قەشقەر
شەھىرى ھەر مىللەت ھەر ساھە ۋەكىللىرى ( قىسقارتىپ ھەر
ساھە ۋەكىللىرى) يىغىنى ئېچىپ، 21 نەپەر كېڭەش ھەيئ-
ەت، تۆت نەپەر كاندىدات ھەيئەت سايلاپ چىققان. ئابدۇرېھىم
لەتىپ رەئىس، ياقۇپ داموللام مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ ساي-
لانغان. شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ - چوڭ مەسىلىلىرى مۇشۇ
كېڭەش ھەيئەتلىرى بىلەن كېڭەشلەتتى، مەسىلەن: يەر ئىسلا-
ھاتى، سودا-سانائەتنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئومۇمىي
سايلام ئېلىپ بېرىش دېگەندەك چوڭراق ئىشلار.
1954 - يىلى ئەتىيازدا، 5 - رايون قۇرۇلمىسى ئەمەل-

دىن قالدۇرۇلۇپ، تەۋەسىدىكى كوچا - مەھەللە، يېزىلار ئوخشاشلا يېڭى شەھەر ناھىيىسىنىڭ خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدى.

1953- يىلى 5- ئاينىڭ 6- كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەركىزىي مەمۇرىي كېڭەشنىڭ چوڭ مەمۇرىي رايونلارغا قاراشلىق شەھەرلەر ۋە ۋالىي مەھكىمىسىگە قاراشلىق شەھەرلەرنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، مەلۇمات يوللاپ، غۇلجا قەشقەردىن ئىبارەت «بۇ ئىككى شەھەر ئۆلكە مەركىزىدىن يىراق، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قۇرۇلغىنىغا ئۇزاق بولمىغان، خىزمەت ئاساسى ئاجىز بولغاچقا خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇشقا قۇلايلىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتقاندا قاراشلىق مۇناسىۋىتى جەھەتتە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قارىسا، لېكىن كونكرېتنى خىزمەت جەھەتتە نۆۋەتتە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىلى، قەشقەر ئىككى ۋالىي مەھكىمىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇشقا نازارەت قىلىشقا بەلگىلىسە» (شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ 1953- يىللىق خەلق بۆلۈم چىقىش 076 نومۇرلۇق ھۆججىتىگە قارالسۇن) دەپ ئىككى شەھەرنى ۋالىي مەھكىمىگە قاراشلىق شەھەردىن ئۆلكىگە قاراشلىق شەھەر قىلىشقا ئىلتىماس قىلغان. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي كېڭىشى 1953- يىلى 7- ئاينىڭ 31- كۈنى تەستىقلاپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غۇلجا، قەشقەر ۋالىي مەھكىمىلىرىدىكى قاراشلىق شەھەرلەرنى ئۆلكىگە قاراشلىق شەھەر قىلىش ھەمدە ئىلى، قەشقەر ۋالىي مەھكىمىلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا رەھبەرلىك، نازارەت قىلىشقا بەلگىلەنگەنلىكىگە قوشۇلغانىدى.

1955 - يىلى 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى گوۋۇيۈەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1955 - يىلى 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى دوكلاتىنى تەستىقلاپ، غۇلجا شەھىرىنى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق شەھەر قىلىپ ئايرىشقا، قەشقەر شەھىرى يەنىلا ئۆلكىگە قاراشلىق شەھەر بولۇپ تۇرۇۋېرىشكە، ئەمما جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋاكالىتەن رەھبەرلىك قىلىشىغا قويۇلغانىدى.

1956 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە ئەمەلدىن قالغاندا قەشقەر شەھىرى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەشقەر شەھىرى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ بىۋاسىتە ئالاقىلىشىدىغان 10 شەھەرنىڭ بىرى ئىدى.

1984 - يىلى 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى گوۋۇيۈەن قەشقەر شەھىرىنى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن 2 - خىلدىكى شەھەر دەپ قارار قىلدى ھەمدە سىرتقا ئېلان قىلدى. شۇ قاتاردا ئېلان قىلىنغان شەھەرلەر ئىچىدە يەنە شەنشىدىكى شىيەنياڭ شەھىرى، ئىچكى موڭغۇل دالات ئايمىغىدىكى شاڭشاۋەن، يۈننەندىكى دالى شەھىرى قاتارلىقلار بار. شۇ چاغدا سىرتقا نىسبەتەن ئېچىۋېتىلىدىغان رايونلار 1 - خىلدىكى ۋە 2 - خىلدىكى دەپ ئايرىلغان، 2 - خىلدىكى رايونلار دېگىنىمىز چەتئەللىكلەر ساياھەت قىلىش كىنىشكىسى بىجىرگەندىن كېيىن بارىدىغان رايونلاردۇر.

1986 - يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى گوۋۇيۈەن ئىككىنچى تۈركۈمدىكى تارىخىي مەدەنىيەت داڭدار شەھەرلەردىن 38 نى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر شەھىرىمۇ بار.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قەشقەر شەھىرى دۆلەت دەرىجىلىك 62 تارىخىي مەدەنىيەت داڭدار شەھەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

(ئابدۇرشىت ھاجى تەرجىمىسى)

# قەشقەر شەھرىدىكى ھەر ساھە خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا قوشقان تۆھپىسى

### ئابدۇرىشىت ھاجى

جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ياپون جاھانگىرلىرىگە ئاكتىپ قارشى تۇرۇش تەشەببۇسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن «شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارقىلىق ياردەم بېرىش قەشقەر شۆبە ھەيئىتى» 1938 - يىلى 2 - ئايدا قەشقەردە رەسمىي قۇرۇلغان. شۆبە ھەيئەتنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە قوزغىتىشى بىلەن قەشقەردىكى ھەر ساھە خەلقى، ياپون جاھانگىرلىرىگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، ئالدىنقى پرونتتا قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتقان ئوفىتسېر - جەڭچىلەرگە مەنىۋى مەدەت بېرىش بىلەن بىرگە يەنە ئىئانە توپلاپ، ماددىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەن. ئىئانە قىلىشتا كوللېكتىپ نامىدا ۋە شەخسىي نامىدا ئىئانە قىلىش شەكلى قوللىنىلغان. ئىئانە قىلغانلار ئىچىدە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى، تىجارەت شىركەتلىرى شۇنىڭدەك ۋەتەنپەرۋەر سودىگەرلەر ۋە ئىشلەپچىقارغۇچىلار بار؛ مەدەنىيەت، مائارىپ تارماقلىرىدا ئىشلەيدىغان زىيالىيلار، ئوقۇغۇچىلارمۇ بار؛ ئەرلەرمۇ بار، ئاياللارمۇ بار. ھەتتا شەھەر ئىچىدىكى كىنو - تىياتىرخانىلار نەچچە مەيدان ئويۇن قويۇپ، بېلەت ساتقان پۇلنى بىر تىيىنمۇ قالدۇرۇپ قويماي ئىئانە قىلغان.

تۆۋەندە بىر قىسىم ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ 1938 - يىلى 3 - ئايدىن 8 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىئانە قىلىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

## 1. كوللېكتىپ ئىئانە قىلغان ئورۇنلار

| ئورۇن نامى | ئىئانە پۇلى (سەر)☆ | ئورۇن نامى | ئىئانە پۇلى (سەر) |
|---|---|---|---|
| دوتەي يامۇلىدىن | 26.600 | غەيرەت شىركىتى | 50.000 |
| شەنجىڭغۇدىن | 50.000 | ئۆمىد شىركىتى نامىدا ئابدۇلقەييۇم ھاجىم | 15.100 |
| ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن | 24.150 | ترانسپورت شىركىتى نامىدا يۈسۈپ قارى ھاجىم | 80.000 |
| سەھىيە ئىدارىسىدىن | 24.000 | تۆمۈرچىلەر شىركىتى نامىدا ئابدۇلقادىر ئاخۇن | 30.000 |
| ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن | 89.480 | ياشلار شىركىتى نامىدا ئابدۇراخمان ھاجىم | 10.000 |
| ۋىلايەتلىك قىرغىز ئۇيۇشمىسىدىن | 94.000 | غۇلجا شىركىتى نامىدا مەھمەت ئاخۇن خەلپىتىم | 10.000 |
| بەشكېرەم شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن | 20.000 | كۆنچى شىركىتى نامىدا ئوبۇل قارى | 10.000 |
| سۇ ئالغۇ شۆبە ئۇيۇشمىسىدىن | 2650 | ئاتچىلار شىركىتى نامىدا ئابدۇراخمان ئاخۇن | 50.000 |
| نەشرىياتتىن | (تۆت يەر كۆمۈش) 33.600 | ئىتتىپاق شىركىتى نامىدا ھىدايىتۇللا ھاجىم | 10.000 |
| ئىتتىپاق شىركەت نامىدا مەھمەت ئىمىن ئاخۇن | 100.000 | | |
| ئازات شىركەت نامىدا سىدىق ئاخۇن - | 75.000 | | |

☆قەشقەر پۇلى ھېسابىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق.

## 2. ئىئانە قىلغان شەخسلەر :

1938 - يىلى 7 - ئاينىڭ 23 - ، 26 - ، 30 - كۈنلىرى ۋە 8 - ئاينىڭ 9 - ، 13 - كۈنلىرى خىزىچاك مەتنىياز مەخسۇمنىڭ ۋەز-مەرىپەت قىلىشى بىلەن ۋىلايەتلىك سودا-سانائەتچىلەر جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى خادىملىرى، سودا - سانائەتچىلەر ئىچىدىن بولۇپ بەش قېتىمدا 278 ئادەم - قېتىم ئۆزلۈكىدىن 1.054.210 سەر پۇل ( قەشقەر پۇلى ھېسابىدا ) ئىئانە قىلىنغان . تۆۋەندە 1000 سەردىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلغانلارنىڭ ئىسىملىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز :

| نومۇرى | ئىئانە قىلغۇچى ئىسمى ئاتىسى | ئىئانە پۇلى (سەر) | نومۇرى | ئىئانە قىلغۇچى ئىسمى ئاتىسى | ئىئانە پۇلى (سەر) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئەلاخان ئايىم (غۇلجىدىن كەلگەن مۇساپىر ئايال) | 10.000 | 11 | قاسىمجان تالىپجان ئوغلى | 5000 |
| 2 | ھۈسەيىن ئاخۇن موپتى ئاخۇن | 25.000 | 12 | ئالىمجان مىرزى ئۆمەرجان | 5000 |
| 3 | سوپى بەگ ھاجىم | 10.000 | 13 | ھامۇت ئاخۇن تاھىر ئاخۇن ئوغلى | 4000 |
| 4 | ئەھمەتخان مەخسۇم | 20.000 | 14 | قاسىمجان مىرسالىمجان ئوغلى | 5000 |
| 5 | قادىر ئاخۇن شاپتۇل | 30.000 | 15 | ئەھمەت ھاجىم ئاتۇش | 10.000 |
| 6 | ئابدىراخمان ئاخۇن ئۇچەيچى | 30.000 | 16 | خالىق ئەزەر روزى ئاخۇن ئوغلى | 2000 |
| 7 | يۈسۈپ قارى ھاجىم | 10.000 | 17 | ئىمىن ئاخۇن ئاتۇش | 15.000 |
| 8 | مەمەتخان خانئېرىق | 25.000 | 18 | مەھمۇدخان | 2000 |
| 9 | ئەلمۇۋالدى موللام | 20.000 | 19 | ئىسمائىل ئاخۇن ئابدىراخمان مەخسۇم ئوغلى | 5.000 |
| 10 | ئىسمائىلجان (فوجىڭلى) | 15.000 | 20 | تۇردۇش ئاخۇن | 10.000 |

| ئىئانە پۇلى (سەر) | ئىئانە قىلغۇچى ئىسمى ئاتىسى | نومۇر | ئىئانە پۇلى (سەر) | ئىئانە قىلغۇچى ئىسمى ئاتىسى | نومۇر |
|---|---|---|---|---|---|
| 2000 | يەھيياجان | 37 | 10.000 | شاكىرجان | 21 |
| 2000 | جالالىدىن قارى | 38 | 5.000 | ياقۇپجان | 22 |
| 1000 | تۇلەندى ئاخۇن | 39 | 3000 | باقى مەخسۇم (ئىسمائىل ئاخۇن ۋاكالىتەن) | 23 |
| 1000 | مىرقاسىمجان | 40 | 3000 | نۇراخۇن لوزۇڭ | 24 |
| 1000 | مۆمىن قارى | 41 | 5000 | زۇنۇن ھاجىم يارباغ | 25 |
| 1000 | ئابدۇللا ئاخۇن خەلپىتىم | 42 | 2000 | ئابابەكرى ئاخۇن | 26 |
| 20.000 | مەتنىياز مەخسۇم خۇي-جاڭ | 43 | 2000 | ئابدىراخمان ئاخۇن ۋاپۇرۇش | 27 |
| 5000 | ئىسرائىلجان شاڭزۇڭ | 44 | 1000 | ھېيت ئاخۇن | 28 |
| 7.000 | ئابلىز ئاخۇن ئىبراھىم ئاخۇن ئوغلى (ئاۋاتلىق ئوچەيچى) | 45 | 2000 | ئىزىز ئاخۇن | 29 |
| 5.000 | ھۆسەيىنخان ھاجىم | 46 | 3000 | سابىت ئاخۇن يېڭىسار | 30 |
| 5.000 | ئابدۇرېھىم ئاخۇن (كىنو شىركىتىدىن) | 47 | 3000 | تىشە باي | 31 |
| 5000 | ئوبۇلقارى (كۆنچى شىركىتىدىن) | 48 | 2000 | ئابدىلئەزىزجان | 32 |
| 5000 | بۇرھان مەخسۇم | 49 | 1000 | ئوبۇلخەيرى ئاخۇن | 33 |
| 3000 | ھاجى ئاخۇن خەلپىتىم | 50 | 2000 | ئابدۇرېھىم ھاجىم قەنچى | 34 |
| 5000 | ھاشىمجان قادىر ئاخۇن خەلپىتىم ئوغلى | 51 | 1000 | ھېكىم ھاجىم | 35 |
| 2000 | كامىلجان مەمەت ئىبراھىم باي ئوغلى | 52 | 1000 | مەھمۇت ئاخۇن | 36 |

| نومۇرى | ئىئانە قىلغۇچى ئىسمى ئاتىسى | ئىئانە پۇلى (سەر) | نومۇرى | ئىئانە قىلغۇچى ئىسمى ئاتىسى | ئىئانە پۇلى (سەر) |
|---|---|---|---|---|---|
| 53 | ئىسمائىل ھاجىم خالدـ ئېرىق | 2000 | 70 | رەھمەتۇللا ئاخۇن كېرىموپ | 5.000 |
| 54 | مەھمەت ئېلى ھاجىم ئاتۇش | 2000 | 71 | ئىبراھىمجان مەھمەتجان ھاجىم ئوغلى | 1000 |
| 55 | ئىمىنجان مەھمەت ھاجىم ئوغلى | 2000 | 72 | نېمەت ئاخۇن | 1000 |
| 56 | ھېمىت ئاخۇن مۇساق | 2000 | 73 | ئېلىيار خوجى | 5000 |
| 57 | ئەھمەت ئاخۇن بەشكېرەم | 2000 | 74 | ئەھمەت مەخسۇم موللا ئىيسا خەلپىتىم ئوغلى | 2000 |
| 58 | سىدىق قارى | 1000 | 75 | ئەھمەت ئاخۇن باقى ھاجىم ئوغلى | 1000 |
| 59 | قاسىم ھاجى كەلەمچى | 1000 | 76 | ئىيسا ئاخۇن خەلپىتىم سېرىق ساقال | 1000 |
| 60 | رىشاتخان | 1000 | 77 | نىياز ئاخۇن قېيىق | 2000 |
| 61 | دادىخان يۈسۈپ ھاجىم ئوغلى | 1000 | 78 | سابىت ئاخۇن دېھقان بايۇپ | 1000 |
| 62 | شېرىپ بەگ | 1000 | 79 | ۋارىس ئاخۇن | 1000 |
| 63 | ئابدۇللا ئاخۇن | 1000 | 80 | ياقۇپ ئاخۇن ئوسمان ئاخۇن ئوغلى | 1000 |
| 64 | ئەھمەت ئىمام موللا پەقىردىن ئوغلى | 1000 | 81 | نۇر ئاخۇن نۇرالدىن ئاخۇن ئوغلى | 3000 |
| 65 | ئىسمائىل ئاخۇن موللا باي ھاجىم ئوغلى | 3000 | 82 | نىياز ئاخۇن قاسىم ئاخۇن ئوغلى | 1000 |
| 66 | ئالىم نەزەرجان روزى ئاخۇن ئوغلى | 1000 | 83 | تۇرسۇن ھاجىم ھۈسەيىن باي ھاجىم ئوغلى | 1000 |
| 67 | ئىمىن ھاجىم قىزى ئامىنەخان | 10.000 | 84 | مۆمىن ئاخۇن ئىمىن ئاخۇن ئوغلى | 1000 |
| 68 | موپتى ئاخۇنۇم قىزى ئامىنەخان | 10.000 | 85 | مەھمەت ئاخۇن ئېلى ئاخۇن ئوغلى | 1000 |
| 69 | سالىم ئاخۇن سېلىم ھاجىم ئوغلى | 1000 | 86 | نۇر ئاخۇن ياقۇپ ئاخۇن ئوغلى داكىچى | 2000 |

| نومۇرى | ئىئانە قىلغۇچى ئىسمى ئاتىسى | ئىئانە پۇلى (سەر) | نومۇرى | ئىئانە قىلغۇچى ئىسمى ئاتىسى | ئىئانە پۇلى (سەر) |
|---|---|---|---|---|---|
| 87 | | | 103 | ئالىمجان ئابدۇسەيىت ئوغلى | 3000 |
| 88 | ئابدۇرېھىم مەتىرەھىم مەخسۇم ئوغلى روزى ئۈچۈن | 5000 | 104 | ماللا باي دادە ئەھمەت ھاجى ئوغلى | 5000 |
| 89 | ئەبەيخان مەخسۇم | 2000 | 105 | ئارتۇقجان مۆمىنجان ئوغلى | 2000 |
| 90 | غىياسىددىن ھاجىم | 2000 | 106 | ئىمىن ھاجىم سابىت ئاخۇن ئوغلى | 1500 |
| 91 | ئۆمەر ئاخۇن ئېلى ئاخۇن ئوغلى | 1000 | 107 | تۇراپ قارى | 1000 |
| 92 | ئىسمائىل ئاخۇن خاتىپ باي ئوغلى | 1500 | 108 | ئابدۇرېھىم ئاخۇن مەمەت ئېلى ھاجىم ئوغلى | 1000 |
| 93 | مەمەت ئىمىن ئاخۇن يۈسۈپ ھاجىم ئوغلى | 20.000 | 109 | مەمەت ئېلى خوجى ئىشان | 1000 |
| 94 | مەمەتخان قاسىم ھاجىم ئوغلى | 2000 | 110 | مەمەت ئېلى نەسرىددىنوپ | 1000 |
| 95 | ھەسەن ئاخۇن سادىق ئاخۇن ئوغلى | 1000 | 111 | موللا ماھمۇت سالىم ھاجىم ئوغلى | 1000 |
| 96 | ئابدۇللائاخۇن تۆماقچى | 10.000 | 112 | ئىسمائىلجان قارى بۇلاغۇچى ئوغلى | 1000 |
| 97 | ئابدۇللا ئاخۇن قىزى مەريەم تىخان | 1000 | 113 | مەمتىلى قارى مەمەترەھىم ئوغلى | 2000 |
| 98 | نەسرىددىن مەخسۇم | 1500 | 114 | مەمەت ھالىم باي تۆرەقول ھاجى | 1000 |
| 99 | روزىجان پالتۇ ھاجىم ئوغلى | 1000 | 115 | ئىسمائىلجان ئەھمەت ئېلى باي ئوغلى | 1000 |
| 100 | مەھمۇت ئاخۇن ساھاق ئاخۇن ئوغلى | 1000 | 116 | ئابدۇللا ئاخۇن ئېلى ھاجىم | 2000 |
| 101 | ناسىر ئاخۇن توختى ئاخۇن ئوغلى | 5000 | 117 | ئابدۇللا ئاخۇن يۈسۈپ ھاجىم ئوغلى | 1000 |
| 102 | ئابدۇخېلىل ھاجىم | 4000 | 118 | پالتۇ ئاخۇن ئېلى ھاجىم ئوغلى | 1000 |

| نومۇر | ئىئانە قىلغۇچى ئىسمى ئاتىسى | ئىئانە پۇلى (سەر) | نومۇر | ئىئانە قىلغۇچى ئىسمى ئاتىسى | ئىئانە پۇلى (سەر) |
|---|---|---|---|---|---|
| 119 | سابىرجان ئاخۇنجان ئوغلى | 1000 | 135 | ئۈچەيچى داداخۇن روزى ئاخۇن ئوغلى | 1000 |
| 120 | ئىسمائىلجان بالا چاقىلىرى | 1750 | 136 | قادىر ئاخۇن | 1000 |
| 121 | رەھمەتجان ھەسەن بابا ئوغلى | 1000 | 137 | روزى ئاخۇن پالتۇ ھاجىم ئوغلى | 2000 |
| 122 | يۇنۇس ئاخۇن باي ئىبراھىم ئاخۇن ئوغلى | 1500 | 138 | مەمەت ھاجىم ئۈچەيچى | 1000 |
| 123 | مەمەت رەھىم ھاجىم | 1000 | 139 | ئابدىراخمان ئاخۇن رەھىم ئاخۇن ئوغلى | 1000 |
| 124 | ئەھمەت ھاجىم | 1000 | 140 | مەمەت نىياز ئاخۇن ھەسەن ھاجىم ئوغلى | 2000 |
| 125 | ئابدۇللا ئاخۇن | 1000 | 141 | ئەمەت بەگ ئابدىراخمان بەگ ئوغلى | 2000 |
| 126 | قۇتبىدىن خوجا | 1000 | 142 | ئابدۇلئەزىز ئاخۇن ئوسمان ھاجىم | 1000 |
| 127 | ئۆمەر ئاخۇن قارا | 1000 | 143 | تاھىر ئاخۇن ئەھمەت ئاخۇن | 1000 |
| 128 | ئىمىن ھاجىم كوماك | 1000 | 144 | بۇرھانىدىن ئاخۇن | 1000 |
| 129 | مەمەتتخان ئاتۇش (قاسىم ھاجىم ۋاكالىتىدىن) | 5000 | 145 | مەمەت ئىمىن ئاخۇن | 1000 |
| 130 | ئىمىن ھاجىم ئېپساق | 1000 | 146 | قاسىمخان ھىمزى ئاخۇن ھاجىم | 1000 |
| 131 | ئابدۇرېھىم ئاخۇن چوڭ ھاجىم ئوغلى | 1000 | 147 | ئابدۇلھەمىت ئاخۇن ئابدىراخمان ئوغلى | 1000 |
| 132 | ئوسمان ھاجىم ئابدۇللا ھاجىم ئوغلى | 2500 | 148 | ئابدۇللا ئاخۇن كېرىم ئاخۇن ئوغلى | 1000 |
| 133 | ئىمىن ھاجىم ئابدۇللا ھاجىم يارباغ | 1000 | 149 | ئىسمائىل ئاخۇن دۆلەت ھاجىم | 1000 |
| 134 | ئابدىراخمان ئاخۇن ئۈچەيچىنىڭ 16 نەپەر ئىشچىسى | 3200 | 150 | ئابدۇللا ئاخۇن نۇردىن ئاخۇن | 1500 |

| ئىئانە پۇلى (سەر) | ئىئانە قىلغۇچى ئىسمى ئاتىسى | نومۇرى | ئىئانە پۇلى (سەر) | ئىئانە قىلغۇچى ئىسمى ئاتىسى | نومۇرى |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | 1000 | ئابدۇرېھىم ھاجىم ئابدۇلغېنىياس | 151 |
| | | | 1500 | ئەمەت قارىم ئىبراھىم ئاخۇن | 152 |
| | | | 1000 | ئىبراھىم ئاخۇن سالىم ھاجىم | 153 |
| | | | 1000 | ئابدۇرۇسۇل ئاخۇن ئاتا ھاجىم | 154 |
| | | | 1000 | ئابدۇلئەھەت ئاخۇن نۇردىن ئاخۇن | 155 |
| | | | 1000 | ئاقچى ھاجىم قادىر ئاخۇن ئوغلى | 156 |

## 3. كىنو - تىياتىر بىلەن ئىئانە توپلاش

ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش قەشقەر شۆبىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، قەشقەر شەھىرىدىكى كىنو - تىياتىرخانىلار، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى بىر مەزگىل بىلەت سېتىپ ئويۇن قويۇپ يىغقان پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئىئانە قىلغان. بىلەت سېتىشتا نىشانلىق بىلەت سېتىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. بىر پارچە تارىخىي ھۆججەتتىكى مەلۇم بولۇشىچە، قەشقەر سودىگەرلەر بىرلەشمە ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بىر خادىمى تىياتىرخانىدىن بىر قېتىم 586 ۋاراق تىياتىر بىلىتىنى (قىممىتى 79160 سەر) سودىگەرلەرگە سېتىپ بېرىشكە ئېلىپ، ئۆز قولىدىن ھۆججەت بەرگەن.

# قەشقەردىكى «مۇئەللىم» گېزىتى ھەققىدە

### ئابلىمىت سابىر رەتلىگەن

پۈتۈن شىنجاڭنىڭ دىل - زادىگە كەلتۈرگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي 1944- يىلى 11- ئايدا باشلىنىپ، 1945 - يىلى 9- ئايغىچە بولغان قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىلى، چۆچەك، ئالتاي قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەتنى ئازاد قىلىپ گومىنداڭغا ئەجەللىك زەربە بەرگەندىن كېيىن، گومىنداڭ قورال كۈچى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلاب دولقۇنىنى ئۇچۇقتۇرۇۋېتىشكە كۆزى يەتمەي، سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ۋەكىلى گېنېرال جاڭجىجوڭ كۆپ قېتىملىق سۆھبەت ئارقىلىق 11 ماددىلىق بىتىمنى ئىمزالىدى. 1946 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. بۇ ھال كۆپ يىلدىن بۇيان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چەكسىز زۇلمىغا ئۇچرىغان شىنجاڭدىكى مىليونلىغان ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن يېڭى خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. ئۇلار يېڭى قۇرۇلغان بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى، ئۇ يولغا قويغان 11 ماددىلىق بىتىمنى قەتئىي ھىمايە قىلدى. لېكىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى كۆرۈنۈشتە 11 بىتىمنى ھىمايە قىلغان بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە زوراۋانلىق ھەرىكىتىنى توختاتمىدى. ھەممىلا جايدا ئىشپىيونلارنى ئىشـ

قا سېلىپ، ئادەم تۇتۇپ ئىنقىلابىي كۈچلارغا زەربە بەردى. بۇ ئەھۋال شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاتتىق غەزىپىـ نى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭنى جۇملىدىن قەشـ قەرنى جىددى سىياسىي كۈرەشنىڭ يېڭى دولقۇنى قاپلىدى.

بۇ چاغدا قەشقەردە تەشۋىقات ئورۇنلىرى ئىنتايىن كەم بولۇپ بىرلا «قەشقەر گېزىتى» بار ئىدى. 11 بىتىم تۈزۈلگەندىن كېيىن گەرچە بۇ گېزىت گومىنداڭنىڭ ئېغىز ـ كارنىيى بولۇش ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ «ئاڭ» گېزىتىگە ئۆز- گەرتىلىپ 11 بىتىم روھى بويىچە تەشۋىقات خىزمىتىنى باشلىغان بولسىمۇ، پۈتۈن قەشقەردىكى ئۆسۈۋاتقان سىياسىي كۆرەشنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1946 ـ يىلى 11 ـ ئايدا 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ روھىغا ئا- ساسەن قەشقەر شەھرىدىكى (شۇ چاغدا كونىشەھەر ناھىيىسى بازىرى ئىدى) زىيالىيلار بىرلىشىپ قەشقەر شەھرىنور بېشى مەكتەپتە (ھازىرقى 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ) تۇنجى قېتىم «مۇئەللىم» ناملىق گېزىتنى نەشىر قىلىشقا باشلىدى.

«مۇئەللىم» گېزىتىنىڭ نەشىر قىلىنىشى قەشقەردىكى ئىنـ قىلاپ كۈچلىرىگە يېڭى تەرەققىياتنى ئېلىپ كەلدى. سىياسىي كۆرەش سېپى كۈندىن ـ كۈنگە كېڭىيىشكە ۋە چوڭقۇرلىشىشقا باشلايدۇ. بۇنى كۆرگەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرى ئەھـ ۋالنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ھەر خىل بانايى سەۋەبلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، گېزىتنىڭ چىقىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «مۇئەللىم» گېزىتى بىر نەچچە سان چىقىپلا توختاپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. لېكىن كەڭ زىيالىيلارنىڭ توختىماي كېلىۋاتقان كۈچلۈك بېسىمى

ۋە كۈچلۈك نارازىلىقى ئارقىسىدا 1947 - يىلىنىڭ بېشىغا كەلـ
گەندە كومىنداڭ گوروھى «مۈتەللىم» گېزىتىنىڭ داۋاملىق نەشىر
قىلىنىشىغا يول قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ مەزگىلگە كەلگەندە
«مۈتەللىم» گېزىتىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى بىر قەدەر مۇكەممەلـ
لىشىدۇ. شۇ چاغدىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن
قەشقەرنىڭ ۋالىيسى قاسىمجان قەمبەرى، ۋىلايەتلىك مائارىپ
ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابلىز مۇھەممەدى، قەشقەر دارىلمۇ-
ئەللىمىنىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى نىزامىدىن سالىيوپ، قەشقەر
دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى تۇرغۇن ئالماس، قەشقەر
ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئابلەھەق ئېزىز، قەشقەر
دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇتقۇچىسى نىمەت نىزامىدىن، قەشقەر
گېزىت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئالىمجان، قەشقەر دارىلئىتام
قىزلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى رەيھانىنسا، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن
ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇرېھىم ئۆمەر، قەشقەر ئوردا ئىشكى مەكتەپ
مۇدىرى ئېزىز ئەيسا، قەشقەر نو بېشى مەكتەپ مۇدىرى
ئابدۇۋاقى سەيدۇللا قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن
گېزىت چىقىرىش رەھبەرلىك ھەيئىتى قۇرۇلىدۇ. ھەيئەتنىڭ
مۇدىرلىقىغا ئابلىز مۇھەممەدى، مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا ئېزىز-
ئەيسا، ئابدۇۋاقى سەيدۇللا بەلگىلىنىدۇ، ئابدۇۋاقى سەيدۇللا
يەنە گېزىتنىڭ باش تەھرىرلىك خىزمىتىنىمۇ بىرلىكتە ئىشلەيـ
دۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تېخنىكى تەھرىرلىك خىزمىتىگە مۇھەممەت
تۇرداجى. مالىيە خىزمىتىگە نىمەت نىزامىدىن، بېسىمىش،
تارقىتىش خىزمىتىگە تالىپ ياقۇپ، مۇھەممەت ئىمىن تۇردىيوپ،
مۇھەممەت يۈسۈپ، تۇرسۇن ئىسلام، ئەمەت بەختى قاتارلىقلار
مەسئۇل بولىدۇ.

«مۇئەللىم» گېزىتىنىڭ يولۇنىشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىش، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي پروگراممىسىنى تەشۋىق قىلىش، خەلقنى ئەزگەن زالىم ئۇنسۇرلارنى، ئىشپىيون، قانخور-جاللاتلارنى پاش قىلىش، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش بولغاچقا پۈتۈن ۋىلايەتتىكى كەڭ خەلق ۋە زىيالىيلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشكەن. ۋىلايەت دائىرىسىدىكى ناھىيە، شەھەرلەردىكى مائارىپچىلار، مەدەنىي ئاقارتىش ئۈزىيىشمىلىرى، تىجارەتچىلەر گېزىتنىڭ مەبلەغ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆپلەپ پۇل ئىئانە قىلغان.

«مۇئەللىم» گېزىتى ھەپتىدە ئىككى سان، شىفىگرافتا بېسىلىپ ۋىلايەت دائىرىسىگە ھەقسىز تارقىلىپ تۇراتتى. ئۇرۇمچى ۋە ئۈچ ۋىلايەتتىكى گېزىتخانىلارغىمۇ بىر نۇسقىدىن ئەۋەتىپ بېرىلەتتى. گېزىتنىڭ ھەر بىر بەت يۈزى سەككىز كەسمە چوڭلۇقىدا بولۇپ، تۆت بەت ئىشلىنەتتى. بىرىنچى بېتى سىياسىي بەت بولۇپ باش ماقالە، مۇھىم خەۋەرلەر، ئىككىنچى بېتى يەرلىك خەۋەرلەر بېتى بولۇپ بېتىمنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى، يىغىن، سايلام ئەھۋاللىرى، ئۈچىنچى بېتى نەزەرىيە بېتى بولۇپ ئەخمەتجان ئەپەندى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، سەيپىدىن ئەزىزى، بۇرھان شەھىدى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە، شۇنىڭدەك سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى «شەرق ھەقىقىتى»، «يېڭى ھايات» ژۇرناللىرىدىن ئۈزۈپ ئېلىنغان ئىنقىلابىي نەزەرىيىلەر، ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىلىرى، تۆتىنچى بېتى ئەدەبىي بەت بولۇپ، شائىر ۋە ئىختىيارى مۇخبىرلارنىڭ شېئىرلىرى، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋە بېتىمگە دائىر غەزەللىرى بېسىلاتتى.

بۇ مەزگىلگە كەلگەندە «مۇئەللىم» گېزىتىدىن ئىلھاملىنىپ بىر نەچچە ناھىيىلەردە ئۆز ئالدىغا گېزىت چىقىرىشقا باشلى- دى. يېڭىسار ناھىيىسىدە «ئوردام» گېزىتى، پەيزاۋات ناھى- يىسىدە توختى قۇربان رەھبەرلىكىدە «ئىلغار» گېزىتى، ئاتۇش ناھىيىسىدە (ئۇ چاغدا ئاتۇش قەشقەر ۋىلايىتىگە قارايتتى) «ئاتۇش» گېزىتى مەيدانغا كەلدى. بۇ گېزىتلەرنىڭ ئورتاق نىشانى «مۇئەللىم» گېزىتى بىلەن ئوخشاش ئىدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «مۇئەللىم» گېزىتىنىڭ چى- قىشىغا ئىلاجسىز ماقۇل بولغان بولسىمۇ، ئاستىرتتىن قارشى- لىشىشنى توختاتمىدى. بۇ گېزىت ناھىيىلەرگە يېتىپ بارغان- دا كىشىلەرنىڭ بۇ گېزىتنى كۆرۈشىنى چەكلىدى. گېزىتنى ئو- قىغان ھەم تەشۋىق قىلغانلارغا زەربە بەردى، تۆھمەت چاپ- لىدى. شارائىت ھەر تەرەپتىن قىيىن بولسىمۇ دەشنام - ھا- قارەتلەرنى پىسەنت قىلماي، تەۋرەنمەستىن «مۇئەللىم» گېزى- تىگە كەسكىن كۆرەش داۋامىدا ئۆز پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى.

1946 - يىلى بۇ گېزىتنىڭ دەسلەپكى سانلىرى يەكەن ۋىلايىتىگە يېتىپ بارغاندا، يەكەننىڭ مۇستەبىت ۋالىيسى چۇ- فاڭگاڭ قاتتىق غەزەپلىنىپ «يەكەننىڭ دەرۋازىسىغا چۇفاڭ- گاڭ دېگەن خەتنى ئېسىپ قويسام قىزىل پاچاقلارمۇ، ئىلى ئوغ- رىلىرىمۇ قورقۇپ شەھەرگە كىرەلمەيدۇ» دەپ كۆرەڭلىگەن. بۇ خەۋەر قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن «مۇئەللىم» گېزى- تى تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ساتقىنغا ئۆلۈم» دېگەن شېئىرى بى- لەن «جۇفاڭگاڭ ئەپەندىگە رەددىيە» ماقالىسىنى باسقان. ئۇ- نىڭدا «ئەپەندىم، سىز ئۈچ ۋىلايەت ئوغرىلىرى، بىتىمىنى-

ھىمايە قىلغۇچىلار يەكەنگە كىرەلمەيدۇ، دەپسىز. ئەينى چاغـ
دا نېمە ئۈچۈن ئىسمىڭىزنى شاڭخەي شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىـ
غا ئېسىپ قويمىدىغان. ئاسقان بولسىڭىز ئەلۋەتتە ياپـون ئالـ
ۋاستىلىرىمۇ شاڭخەيگە كىرەلمىگەن بولاتتى» دەپ مەسخىرە
قىلغان.

«مۇئەللىم» گېزىتىنىڭ دۈشمەنگە زەربە بېرىش، ئامـ
مىنى سەپەرۋەر قىلىش جەھەتتە كۈچلۈك تەشۋىقاتچىلىق رول
ئوينىغانلىقىنى مۇنۇ ئىككى مەسىلىدە گەۋدىلىك كۆرسىتىشـ
كە بولىدۇ.

1946 - يىلىنىڭ ئايىغىدا شۇ چاغدىكى ئۆلكىلىك بىرـ
لەشمە ھۆكۈمەت مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى
سەيپىدىن ئەزىزى قەشقەرنىڭ ھاكىم سايلاش خىزمىتىگە رەھـ
بەرلىك قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە كېلىدۇ. ئەكسىيەتچى كۈچـ
لەر ھەر تەرەپكە قاتراپ ئۆز يالاقچىلىرىنى سايلاتماقچى بوـ
لىدۇ. ئىنقىلابىي كۈچلەر بولسا ھەقىقىي خەلق ۋەكىللىرىنى
سايلاش ئىرادىسىدە چىڭ تۇرىدۇ. كۈرەش كەسكىن بولىدۇ.
بۇ چاغدا «مۇئەللىم» گېزىتى «ئاك» گېزىتىگە يېقىندىن ماسـ
لىشىپ ھېچنەرسىدىن قورقمايدىغان دادىللىق بىلەن ئوتتۇـ
رىغا چىقىپ، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى، يامان ئادەملەرنىڭ جىنـ
نايەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرىنى پاش قىلىپ كەڭ ئامـ
مىغا تونۇشتۇرىدۇ. ئىنقىلابىي كۈچلەرنى كەڭ جامائەتنىڭ قولـ
لىشىغا ئىگە قىلىدۇ. نەتىجىدە قەشقەر كونىشەھەرنىڭ ھاكىم
سايلاش خىزمىتى ئاخىرى غەلىبىلىك ئورۇنلىنىدۇ.
1947 - يىلى 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك

بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى، گومىنداڭ كارنىزون قىسىملىرىنىڭ قوماندانى جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار قەشقەرگە كېلىدۇ. بۇ قەشقەرنىڭ كېيىنكى پۈتۈن سىياسىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك زور ۋەقە ئىدى. «مۇئەللىم» گېزىتى مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بۇ ھەقتىكى تەشۋىقاتنى پائال ئېلىپ باردى. كىشىلەرنىڭ جاڭ جىجۇڭغا قويغان تەلىپى، جاڭ جىجۇڭنىڭ جاۋابى ۋە ئۇيۇشتۇرۇلغان ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا خەۋەر قىلىپ، خەلقنى ۋاقىپلاندۇردى. ھەتتا بۇ ھەقتە مەخسۇس سانلارنى ئۇيۇشتۇردى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى: «مۇئەللىم» گېزىتىنىڭ مۇئاۋىن تەھرىرى ھەيئىتى ئېزىز ئەيسا ۋالىي مەھكىمە زالىدا ئېچىلغان يىغىندا جاڭ جىجۇڭنىڭ ئالدىدا يۈرەكلىك بىلەن گومىنداڭنىڭ قەشقەردىكى كۈچلىرىنىڭ بىتەمنى ئىجرا قىلمىغانلىقى، ئىشپىيون ئورۇنلىرىنىڭ ئىنقىلابىي زىيالىيلارنى تۇتۇپ كەتكەنلىكى، گومىنداڭ ھەربىيلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرىغا چېقىلغانلىقى، بۇلاپ كەتكەنلىكى، مۇستەبىت كۈچلەرنىڭ جىنايەتلىرىنى دادىللىق بىلەن پاش قىلدى.

ماناشۇنداق ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەت ۋە سىياسىي كۈرەشلەر بىلەن كەڭ ئاممىنى دەشەپەرۋەر قىلغان. جەمئىيەتنىڭ قوللىشىنى كۈچەيتكەن. ئىنقىلابىي پىكىر ئېقىمىنى زورايتقان. جاڭ جىجۇڭ قاتارلىقلار بۇ ۋەزىيەتنى كۆرۈپ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ، كەڭ زىيالىيلارنىڭ ھەققانى تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

«مۇئەللىم» گېزىتى شارائىتنى ياخشىلاش ۋە گېزىتنىڭ راۋان چىقىشىغا يول ھازىرلاش ئۈچۈن بەزى ئۇسۇللارنىمۇ

قوللانغان. شۇ چاغدا گېزىتنىڭ باش تەھرىرى ئابدۇۋاقى سەي-
دۇللا جاڭ جېجۇڭ بىلەن مەخسۇس سۆھبەتلىشىشنى تەلەپ قىلا-
غان. جاڭ جېجۇڭ بۇ تەلەپنى ماقۇل كۆرۈپ ئابدۇۋاقى سەي-
دۇللائى قوبۇل قىلغان. ئابدۇۋاقى سەيدۇللا ئۇستىلىق بى-
لەن: «مۇئەللىم» گېزىتى سۈن جۇڭسەننىڭ ئۈچ مەسلىكىنى تەش-
ۋىق قىلىدىغانلىقى، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى ھىمايە
قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بې-
رىشنى تەلەپ قىلغان. جاڭ جېجۇڭ ئابدۇۋاقى سەيدۇللانىڭ
سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خوشال بولۇپ دەرھال ئىككى مىليون
يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بەرگەن.

«مۇئەللىم» گېزىتى بۇ پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن
كېيىن دەرھال گېزىتكە «رەئىس جاڭ جېجۇڭ ‹مۇئەللىم› گېزى-
تىنى ئېتىراپ قىلىپ ئىككى مىليون يۈەن ئاجرىتىپ بەردى»
دېگەن خەۋەرنى باسقان. بۇنىڭ بىلەن قەشقەردىكى ئەكسى-
يەتچى كۈچلەرگە دەككە بېرىلىپ گېزىتنىڭ راۋان چىقىشىغا
يول ئېچىلغان. جاڭ جېجۇڭ كەتكەندىن كېيىن گېزىت يەنە
ئاۋۋالقى يۆنىلىشى بويىچە تەشۋىقنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن.
گېزىتنىڭ تىراژىنى كۆپەيتكەن، تاش مەتبەئە سېتىۋالغان.
بۇ مەزگىلدە گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى
كۈرەش كەسكىنلىشىپ شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ بېتىمىنى بو-
زۇش خەۋپى جىددىي بولغاچقا بۇ ئەھۋالدىن جەمئىيەتنى
ۋاقىپلاندۇرۇش، خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن گېزىت ئۆزى بى-
لەن بىللە يەنە مەخپىي تەشۋىقات ۋەرىقىنى تارقىتىش
خىزمىتىنىمۇ ئىشلىگەن.

1947 - يىل 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە

ئۆزگەرمىش بولۇپ جاڭجىجوڭ ئۆز ئورنىنى مەسئۇد بە-
يەندىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، كۈرەش تېخىمۇ كەس-
كىنلەشىپ كېتىدۇ. 11 ماددىلىق بېتىمنىڭ تۈزۈلۈش مۇناسى-
ۋىتى بىلەن سەھنىدىن چۈشكەن گومىنداڭ پەرەسلەر قايتىدىن
باش كۆتۈرۈپ يېڭى كۈچلەرگە زەربە بېرىشكە باشلايدۇ. بۇ
چاغدا «مۇئەللىم» گېزىتى مەسئۇد ئەپەندىنىڭ رەئىسلىكىگە
قارشى ئارقا - ئارقىدىن ماقالىلەرنى ئېلان قىلىدۇ، نامايىش-
لارنى ئۇيۇشتۇرىدۇ. لېكىن ۋەزىيەت بارغانسېرى يېڭى كۈچلەر
ئۈچۈن پايدىسىز يولغا قاراپ ماڭىدۇ. چەت ئاھىيىلەر بى-
لەن بولغان مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. «مۇئەللىم» گېزى-
تىنى بېسىش، تارقىتىشمۇ قىيىنلىشىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا
«مۇئەللىم» گېزىتىنى قىسقا تەشۋىقات ۋەرىقىسى شەكلىدە چى-
قىرىشقا توغرا كېلىدۇ. گومىنداڭنىڭ قەشقەردىكى كۈچلىرى
بىر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ يېڭى كۈچلەرگە قارشى «خەلق
ئىستىكى» ناملىق ئەكسىيەتچى گېزىتىنى چىقىرىدۇ. شۇ
چاغدا «مۇئەللىم» گېزىتى ۋە تەشۋىقات ۋەرىقىلىرىنى چاپلاش
مەركىزى ھېيتگاھ تىللا سارىيىنىڭ (ھازىرقى ھېيتگاھ شاگى-
دەنىنىڭ ئالمىرىغا توغرا كېلىدۇ) يېنىدا بولۇپ، بىر قېتىم
ئەمەت بەختى مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسلىكىگە قارشى تىزرۇش
مەزمۇن قىلىنغان بىر پارچە «مۇئەللىم» گېزىتىنى ئۇ يەرگە
چاپلاۋاتقاندا گومىنداڭ داگېيىسى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باش-
لىقى ھامىت سىدىق داگېيىنىڭ «خەلق ئىستىكى» گېزىتىنى
ئۇنىڭ ئۈستىگە چاپلايدۇ. بۇ گېزىتتە «يەنە ئەن ئازاد قى-
لىندى، كوممۇنىستلار قوغلاپ چىقىرىلدى» دېگەن گەپلەر بار
ئىدى. ھەم سوپى بەگ ھاجىنىڭ زىيالىيلارنى ھاقارەتلەپ

يازغان «قىزىل پاچاقلىدىن لەرى» دېگەن ماقالىسىمۇ بار ئىدى. بۇ ئەھۋالدا خەلق ئارىسىدا جىدەل چىقىپ ھامىت سىيىدىقنى تۇرىدۇ. ئەتىسى قەشقەر ھەربىي رايون 6 - لۈيى ۋالىي مەھكىمىگە ئۇقتۇرۇش قىلىپ ھامىت سىيىدىقنىڭ تاياق يېگەنلىكىنى باھانە قىلىپ «مۇئەللىم» نەشرىياتىدىكى ئابدۇۋاقى سەيدۇللا، ئېزىز ئېيسا، ئەمەت بەختى، نېمەت نىزامىددىن قاتارلىق ئالتە كىشىنى تۇتۇپ قايۇەنگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «مۇئەللىم» گېزىتىنىڭ خادىملىرى يوشۇرۇن ھالەتكە كۆچىدۇ.

1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى گومىنداڭ قەشقەردە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ، قاسىمجان قەمبىرى، ئابلىز مۇھەممەدى، ئابلەھەق ئېزىز، ئابدۇرېھىم ئىمىنوپ، تۇرغۇن ئالماس، ئالىمجان، قاسىموپ، نىزامىددىن قاتارلىق ئىنقىلابىي زىيالىيلارنى قولغا ئالىدۇ. قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىدە ئابدۇرېھىم ئۆمەرنى ئېتىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قەشقەرنىڭ ئاق تېررورلۇق قاپلايدۇ، زىيالىيلارخەۋپلىك ئەھۋالدا قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نەشىر قىلىنغىنىغا بىر يىل توشمىغان، ئاران 38 سان چىققان «مۇئەللىم» گېزىتى ۋاقىتسىز تاقىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. گومىنداڭ شەندائېيۇسىدىن ھامىت سىيىدىق، مىرزى ئىمىنجان قاتارلىق كىشىلەر نوبېشى مەكتەپكە بېرىپ گېزىت ئىشلەيدىغان نەچچە ئون دۆكلەك قەغەز، تاش مەتبەئە قاتارلىقلارنى مۇسادىرە قىلىپ ئېلىپ كېتىدۇ.

(ماتېرىيالنى ئابدۇباقى سەيدۇللا ئاغراكى تەمىنلىگەن)

# تاشقورغان ئىنقىلابى ھەققىدە قىسقىچە بايان

### ئابدۇقادىر ھېيت

تاشقورغان ئىنقىلابى — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، دەسلەپتە پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاجىك، قىرغىز خەلقلىرى گومىنداڭ ئىستىبدادىغا قارشى قوزغالغان ئىدى، ئىنقىلاب يالقۇنى تۈزلەڭلىككە كېڭەيگەنسېرى ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەرمۇ كۆپلەپ قاتناشقان بىر قېتىملىق زور كۆلەملىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە ئايلاندى.

بۇ ئىنقىلاب ئىككى يىلدەك ۋاقىت تولۇق تەييارلىق كۆرۈش بىلەن 1945 - يىل 8 - ئايدا رەسمىي باشلىنىپ، 1946 - يىل 8 - ئايغىچە داۋام قىلغان. ئىنقىلابىي قوشۇن ئىلگىرى - ئاخىر تاشقورغان، قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرىنى ۋە قەشقەر، يەكەن، يېڭىسار ناھىيىلىرى ئەتراپىدىكى نۇرغۇن جايلارنى ئازاد قىلغان، زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىغان خەلقنىڭ جاسارىتىنى نامايەن قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن ئىدى. تۆۋەندە بىز تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ قىسقىچە تارىخىنى تونۇشتۇرىمىز.

# تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ قوزغىلىش سەۋەبلىرى

بىر ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش، بىر ئىنقىلابنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى جەمئىيەتنىڭ ئۆز ئىچىدىكى زىددىيەتلىرى بەلگىلەيدۇ. «قەيەردە زۇلۇم بولىدىكەن، شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ». تاجىكلار جەمئىيىتىدىمۇ شۇنداق بولدى. ئۇزاق زامان فېئوداللىق ھالەتتە تۇرغان، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى تۆۋەن، زۇلۇم ۋە ئېكىسپلاتاتسىيە ئېغىر بولغان تاشقورغان خەلقى (ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 80 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان تاجىكلار) بىلەن ئەكسىيەتچى فېئودال ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن زىددىيەت مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋەردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى ئۇزاق زامانلار داۋامىدا تاجىكلار باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە فېئودال ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىققا، چەت ئەل باسقۇنچىلىرىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭغا قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى، يېقىنقى زامانلاردا چار روسىيە، ئەنگلىيە جاھانگىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ تاشقورغان رايونىغا يۈرگۈزگەن تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرىسىنى قوغدىدى. 1945- يىلىغا كەلگەندە، قىرغىز، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە تاشقورغان ئىنقىلابىنى قوزغاپ، تارىختا شانلىق سەھىپە ئاچتى.

تاشقورغان ئىنقىلابى زادى قانداق ئەھۋالدا قوزغالدى؟ بۇ ئىنقىلابنىڭ قوزغىلىشى شىڭ شىسەي - گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا شىنجاڭدا مىللىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي زىددىيەتلەر ئۆتكۈرلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. ئەينى ۋاقىتتا ئىلغارلىق تونىغا ئورىنىۋېلىپ شىنجاڭغا

ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مىلىتارىست شىڭ شىسەي كېيىنكى مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن يېقىنلىشىش چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ياردەمگە ئەۋەتكەن كوممۇنىستلار ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى ئىلغار، دېموكراتىك زاتلارنى قولغا ئېلىپ ئاق تېرورلۇق يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. 1943- يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنى ئۆزگەرتىپ، ھەر قايسى تارماقلارغا جاڭ جيېشى سىستېمىسىدىكى گومىنداڭچىلارنى كىرگۈزدى، شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك فىرقە بۆلۈمىنىمۇ قۇردى. 1944- يىلى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى شىڭ شىسەينى شىنجاڭدىن يۆتكەپ كەتتى. شۇندىن ئېتىبارەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىنجاڭغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن، مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، زوراۋانلىق، ئۆكتەملىك، خىيانەتچىلىك قىلىپ تېخىمۇ چىرىكلەشتى، ھەر خىل ئالۋاڭ-ياساقنى كۆپەيتىپ، خەلقنى كۈن كۆچۈرەلمەس ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇ ھال ئىنقىلابنىڭ پارتلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1944- يىلى «ھەربىي ئاتەقدەم قىلىش»قا قارشى ئىلىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش بىلەن باشلانغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىنقىلابنىڭ پۈتۈن شىنجاڭغا يامراپ كېتىشىدىن قورقۇپ، بىر تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئۇجۇقتۇرۇشقا ئۇرۇنسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەتتىن باشقا جايلاردا تېخىمۇ يۇقىرى بېسىملىق سىياسەت يۈرگۈزدى. شۇ چاغدا ئۇلار تاشقورغاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا نۇرغۇن

ئۆزبېكلەر ئەۋەتىپ، تاجىك ۋە باشقا ھەر مىللەت
خەلقى ئۈستىدىن ئاق تېررورلۇق يۈرگۈزدى، ئەكسى-
يەتچى ساقچى ئىدارىسى ھەر قايسى جايلارغا ئىشپىيون - جا-
سۇسلارنى ئەۋەتىپ، سەل - پەل نارازىلىق ئىپادىسىدە بول-
غان كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىلارغا تاشلىدى، 1944-
يىلى قىشتىن 1945- يىلى كۈزگىچە تاجىكلاردىن 95 كىشىنى قولغا
ئېلىپ، 63 نەپەر بىگۇناھ پۇقرانى ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈردى،
قورچاق چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرى جۇڭگو - سوۋېت چېگرى-
سىغا يېقىن ئوتلاقلارنى قامال قىلىۋالغانلىقتىن، چارۋىچىلار
نائىلاج ئىچكى جايلارغا كۆچتى، نەتىجىدە ئوت - چۆپ يې-
تىشمەي نۇرغۇن چارۋا قىرىلىپ كەتتى. كۆپلىگەن كىشىلەر
مال - مۈلكىدىن ئايرىلىپ، خانىۋەيران بولۇپ، يۇرتىدىن
چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك»
دېگەندەك، ئەكسىيەتچى قوشۇن خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى خا-
لىغانچە بۇلاپ-تالىدى. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا
خەلقنىڭ 2 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا مېلىنى بۇلاپ كەتتى.
كەڭ كۆلەمدىكى چۆپخانىلارنى تارتىۋالدى، 100 نەچچە كىشى-
نىڭ ئۆيىنى بۇزۇپ تاشلاپ ئاكوپ قازدى. ئۆيلەرنىڭ ياغاچ-
لىرىنى ئوتۇن قىلىپ قالدى. خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ساي-
مانلىرىنى تارتىۋېلىپ ئاتلىرىغا تاقا سوقتۇردى. نۇرغۇن
ئاشلىق، رەخت، ئوتۇن، ئۆي جاھازلىرىنى بۇلاپ كەتتى. نا-
ھىيە بويىنچە شۇ ۋاقىتلاردا ئاران ئىككى مىڭ تۆگىسى، ئات -
ئۇلاغ بولسىمۇ ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي ئورگانلار خەلقنى يىلىغا
ئىككى مىليون نەچچە يۈز مىڭ جىڭ كېلىدىغان ماددى ئەش-
يالارنى ھەقسىز توشۇتتى. بۇ جەرياندا، تۆگە، ئات - ئۇلاغ-

لار كۆپلەپ ئۆلۈپ كەتتى. ئەمگەك كۈچى بولمىغان ياكى قول
ئىلكىدە بولمىغان نامرات ئادەملەر ئىلاجسىزلىقتىن ئۆزى-
نىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى سېتىپ، سەيسە تۆلەشكە مەجبۇر
بولدى. نۇرغۇن چارۋىچىلار يىلپويى ئۆي - ماكانىدىن ئاي-
رىلىپ تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىنغاچ-
قا ئىشلەپچىقىرىش ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ھوسۇل
زور دەرىجىدە كەملەپ كەتتى. ئەكسىيەتچى ئارمىيە يەنە
خالىغانچە كىشىلەرنى ئۇرۇپ باغلاپ، بەزىلىرىنى مېيىپ قې-
لىۋەتتى، ئاياللارنى ئاياغ - ئاستى قىلدى، ھەتتاكى بەزى
ئاياللار ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر
ئەكسىيەتچى قوشۇن ئۈچۈن ماددى ئەشيا توشۇش بىلەن قار-
لىق تاغلاردا توڭلاپ ئۆلدى ۋە مېيىپ بولدى.
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق دەھشەت-
لىك زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسى تاشقورغاندىكى ھەر مىل-
لەت خەلقىنىڭ چەكسىز غەزەپ - نەپرىتىنى
قوزغىدى. چارۋىچىلارنىڭ كالا ۋە چارۋىلىرىنى
بۇلىغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ۋەقەلىرى
پات - پات كۆرۈلۈپ تۇردى.
گومىنداڭنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ،
خەلقنى ئازادلىققا چىقىرىش ئۈچۈن، تاشقورغاندىكى دېموكراتىك
روھقا ۋە كۈرەش ئىرادىسىگە ئىگە كىشىلەر ئۆز ئارا ئالاقە
باغلاپ، ئىنقىلاب قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈشتى: 1938 — 1940-
يىللىرى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىدىن خوجيەن، شۈلياڭلار تاش-
قورغاندا پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ
ئىشلىگەن، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنى قوبۇل

قىلغان كارۋانشاھ (تاجىك) خەلق ئۈستىدىكى ئازاب-ئوقۇبەت-
ىنىڭ ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى-
تەرەپ بىلەن ئالاقىلاشتى. گېنېرال ئىسھاقبېك ئۈچ ۋىلايەت ئىنقى-
لابىنىڭ ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇرۇپ، تاشقورغان ئىنقىلابىنى-
ئېلىپ بېرىشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. سوۋېت
ئىتتىپاقىمۇ بۇ مىللىي ئىنقىلابنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تاجىك،
قىرغىزلار ئىچىدىن ھەربىي ۋە مەمۇرىي رەھبەرلىك خادىملار
(كارۋانشاھ[تاجىك]، ئاقىبول بەگ قاتارلىق) لارنى تەربىيىلەپ
بەردى. ھەم تاجىك، قىرغىز خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي قوشۇنىنى تەشكىل-
لىشىگە ياردەم بېرىش بىلەن بىللە، كۆپلىگەن سىياسىي، ھەربىي
ئىشلار خادىملىرىنى تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك خىز-
مىتىگە قاتناشتۇردى. قورال - ياراق، ئوق - دورا جەھەتتە
كۈچلۈك ياردەم بەردى. 1944- يىل 6- ئايدا كارۋانشاھ، ئوبۇل-
قاسىم (قىرغىز)، ئەھەت (قىرغىز)، تاشتۆمۈر (قىرغىز) لار
سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ ياردەم
سورىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي
ھۆكۈمىتى بۇلارنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى قەتئىي قول-
لىدى، ھەر تەرەپلىمە ياردەم بەردى. شۇنىڭ بىلەن دەسلەپ
سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىدا پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللەندى.
پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى ئاساسەن تاشقورغاندىن
قېچىپ چىققان تاجىك، قىرغىز چارۋىچىلىرى بولۇپ، گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇم - ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە
ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى
ئىدى. پارتىزانلار ئەترىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار بىر
تەرەپتىن ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن

تاشقورغاندا قوراللىق رازۋېدچىكلارنى ئەۋەتىپ، كومەندانلىق ئەكسپېدىتسىيەتچى ئارمىيىسىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى، قورال-ياراقلىرى، تەمىناتى ۋە باشقا ئىشلارنى رازۋېدكا قىلدى. ھەممە تاشقورغاندا قالغان بىر قەدەر ئىلغار زاتلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، خەلق ئارىسىدا ئىنقىلابىي تەشۋىقات ئېلىپ باردى. دەھشەتلىك زۇلۇمدىن زار قاقشىغان خەلق قوراللىق رازۋېدچىكلارنى بارلىق كۈچى بىلەن قوللىدى، ئۆلۈم خەۋپىگە قارىماي ئۆيلىرىگە يوشۇرۇپ قوغدىدى، تۈرلۈك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى، بىر قېتىم توختامىشتا سىياسىي، ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئېلىۋاتقان مىللىي قوشۇندىن غېرىپشاھ (تاجىك) باشلىق بەش كىشى دەپتەرگە، ئىنايەتۇللا (تاجىك) باشلىق تۆت كىشى تاغارمىغا، مەمەت ئەيسا (قىرغىز) باشلىق تۆت كىشى سىر بېشىغا كومەندانلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش، قورال-ياراق ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە بېرىپ، ۋەزىپىنى ئورۇنلىغاندىن كېيىن يەنە توختامىشقا سالامەت قايتىپ كەلتى، شۇنداق قىلىپ 1944- يىلدىن 1945- يىلغىچە پارتىزانلار ئەترىتى 12 قېتىم قوراللىق رازۋېدكا ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەنچىلىك ئاساسقا ئىگە بولدى، بىر قانچە قېتىم تاغارما، سىر بېشى قاتارلىق جايلارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەنىنىڭ ھەيۋىسىنى چۈشۈردى، نۇرغۇن ئادەملەرنى پارتىزان ئەترىتىگە قوشۇۋالدى، 1945- يىل كۈزگە كەلگەندە تاشقورغان ئەتراپىدىكى پارتىزانلارنىڭ ئادەم سانى 295 كە يېتىپ، مەلۇم ساندا قورال-ياراققا ئىگە بولدى، شۇنىڭ بىلەن تاشقورغاندا ئومۇميۈزلۈك ئىنقىلاب قوزغاشنىڭ شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلدى.

شۇ چاغدا كومەندانلىق ئەكسپېدىتسىيەتچىلىرىنىڭ تاشقورغان،

تاغارما، بەلدەش، سۇبىشى، بۇلۇڭكۆل، پەيك، دەپتەر، قوشبەل، خونجەراپ قاتارلىق توققۇز ئورۇندا تۇرۇۋاتقان قوراللىق كۈچلىرى (ھەربىي ساقچىلىرى) 400 دىن كۆپرەك ئىدى.

پارتىزانلار ئەترىتى دۈشمەن قوراللىق كۈچىنىڭ ئەنە شۇنداق ئورۇنلىشىشىغا ئاساسەن 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى پارتىزانلار يىغىنى چاقىرىپ ۋەزىيەت ۋە شارائىتىنى تەھلىل قىلىپ، تاشقورغانغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ماقۇللىدى. پىلانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى مۇنداق بولغانىدى:

تاشقورغاننىڭ يېرى كەڭ، ئاھالىسى شالاڭ، چېگرا لىنىيەسى ئۇزۇن بولۇپ، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي سانىنى پارتىزانلارغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلار ئۇزاق لىنىيەدە پارچە- پۇرات ئورۇنلاشقان. بىر- بىرى بىلەن ئارىلىقى ئۇزۇن، تېز مۇددەتتە بىر- بىرىگە ياردەم بېرىشكە يېتىپ كېلەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەنىنىڭ ھەر قايسى ئاساسىي بازىلىرىغا بىرلا ۋاقىتتا، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇلارنى بىر- بىرىگە ياردەم بېرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ، بىر- بىرلەپ يوقاتقىلى بولاتتى.

يۇقىرىقى ئەھۋالغا ئاساسەن پارتىزانلار ئەترىتى ئۆز كۈچلىرىنى مۇنداق ئورۇنلاشتۇردى: 1945 - يىلى 8- ئاينىڭ 13- كۈنى ئىنقىلابىي قوشۇننى تەشكىللەپ، كاردۋانشاھ قوماندانلىقىدا تۆت يۆنىلىشكە بۆلۈنۈپ تاشقورغانغا ھۇجۇم قىلىش بەلگىلەندى.

1. ... ، لەشكەر، مادىيوپلار باشچىلىقىدىكى 60 كىشى تاشقورغانغا ھۇجۇم قىلىشقا مەسئۇل بولدى؛

2. مەمەت ئەيسا، ئابدۇمالىك باشچىلىقىدىكى 30 كىشى سىرتىغا ھۇجۇم قىلىشقا مەسئۇل بولىدى؛

3. تاشتۆمۈر، تاھىر، ئوسمانلار باشچىلىقىدىكى 60 كىشى بىرلىككۆلگە ھۇجۇم قىلىشقا مەسئۇل بولىدى؛

4. كارۋانشا، غېيردىشا، ئىمنايىتىللا باشچىلىقىدىكى 40 كىشى تاغارمىغا ھۇجۇم قىلىشقا مەسئۇل بولىدى؛

5. ئوبۇلقاسىم قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى 20 كىشى چېچەكلىك داۋىنىغا ئۆتۈپ، گومىنداڭنىڭ يېڭىشەھەر تەرەپتىن كېلىدىغان ياردەمچى قوشۇنلىرىنى توسۇشقا مەسئۇل بولىدى.

سىياسىي، ئىدىيىۋى، تەشكىلىي ۋە ھەربىي جەھەتلەردىكى تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن تاشقورغاندىكى تاجىك، قىرغىز خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى بۇ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىي ئاخىر پارتلىدى.

## تاشقورغاننىڭ ئېلىنىشى، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ۋە قوراللىق قوشۇن قوماندانلىق شتابىنىڭ قۇرۇلۇشى

تاشقورغان ئىنقىلابى ئىككى يىلدەك ۋاقىت ئىنقىلابىي قوشۇننى قوراللاندۇرۇش، تەشكىللەش ۋە تولۇق تەييارلىق كۆرۈش ئاساسىدا 1945-يىل 8-ئاينىڭ 15-كۈنى ئەمەلگە ئاشتى. شۇ كۈنى پارتىزانلار ئەتىردىن ئەسلىدىكى پىلان بو-يىچە سەھەر سائەت تۆتتە بىر بەلگە ئوقى بىلەن تەڭ گومىن-داڭنىڭ تاشقورغان ناھىيە مەركىزى، تاغارما، سىز بېشى، بىر-لىككۆلدىكى ئىستىھكاملىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. كېچىدە، بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇمغا ئۇچراشنى خىيالىغىمۇ كەل-

تۇرمەي شەھەردىن ئۇيقۇدا ياتقان دۈشمەن قوشۇنلىرى گاڭگىراپ، پۈتۈنلەي سارالسىمىگە چۈشۈپ، تېزلا تىرە - پىرەن بولۇپ كەتتى. پارتىزانلار تاشقورغاندىكى غەربىي كازارما بىلەن ساقچى ئىدارىسىغا تەڭلا ئوت ئاچقانىدى، چېگرا مۇداپىئە دۈيىنىڭ دۈيجاڭى ئالدىراپ - تىنەپ پىلىموتچى ئەسكەرلە- رىنى قويۇپ، قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئاخىرى ئۆزىگە ئوق تېگىپ يارىدار بولدى. ساقچى ئىدارى- سىدىكىلەر سارالسىمە ئىچىدە كىيىملىرىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈر- مىدى. ئۇلارنىڭ مۇداپىئەتچىسى بىلەن تەرجىمانىغا ئوق تې- گىپ ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن روتا كوماندىرى كازارمىنى تاش- لاپ قېچىشقا بۇيرۇق بەردى. پارتىزانلار بىر كېچە-كۈندۈز- لۈك جەڭدە تۆت ئىستىھكامنى ئىشغال قىلدى. گومىنداڭ قو- شۇنلىرىدىن بىر قىسمى ئۆلۈپ، قالغانلىرى تەرەپ-تەرەپكە قاچتى. پارتىزانلار 8-ئاينىڭ 19-كۈنىگىچە گومىنداڭ قوشۇن- لىرىنى شەرقىي شىمال تەرەپتە چىلگۈمبەزگىچە، شىمالدا چەش- تاغقىچە، غەربىي شىمالدا بوستانتېرەككىچە قوغلاپ باردى. ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى بىر نەچچە كۈنى ئىچىدىلا پارتىزانلار دۈشمەننىڭ بىر نەچچە ئون قوراللىق كۈچىنى يوقاتتى ۋە يا- رىدار قىلدى. 227 تال مىلتىق، بىر ئېغىر پىلىموت، ئۈچ يېنىك پىلىموت، 120 يېشىك ئوق - دورا ۋە باشقا نەرسىلەرنى غە- نىمەت ئالدى، پارتىزانلاردىن ئۈچ كىشى قۇربان بولدى.

تاشقورغان ناھىيىسى ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، 8-ئاي- نىڭ 17-كۈنى ئىنقىلابنىڭ تۇنجى غەلىبىسىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلۇمىنى يەتكىچە تارتقان، زۇلمەتتىن قۇتۇلۇش يولىنى تاپالمىغان

تاجىك، قىرغىز خەلقى تاشقورغاننىڭ ھەر قايسى بۇلۇڭ-پۇش-
قاقلىرىدىن يىغىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىجاتلىق يولىغا ئىگە بول-
غانلىقىغا قىزغىن تەنتەنە قىلىشتى. يىغىندا تاشقورغان ئىن-
قىلابىي پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ قوراللىق كۈچىنى
يەنىمۇ زورايتىپ، تەشكىل ۋە قوماندانلىقى بىرلىككە
كەلگەن مۇنتىزىم مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇن قۇرۇپ چىقىش
مەسىلىسىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. چوڭقۇر ئازاپ - ئوقۇبەت-
تىن ئازاد بولغان خەلق ئۆز پەرزەنتلىرىنى قىزغىنلىق بى-
لەن ئىنقىلابىي قوشۇنغا قاتناشتۇردى، ھەتتا ئىنقىلابىي قو-
شۇننىڭ ئات - ئۇلاغلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزى تەييارلاپ
بەردى. شۇ چاغدا تاشقورغاندا ئاھالە ئاز بولغاچقا، ئومۇ-
مەن 18 ياشتىن يۇقىرى، 45 ياشتىن تۆۋەن بولغان قورال
كۆتۈرۈپ ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىكى
ئەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا ئىنقىلابىي قوشۇنغا قاتناش-
تى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي قېرىلار،
ئاياللار ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بىر مۇنچە كىشىلەر پەرزەنت-
لىرىنى ئۆزى ئېلىپ كېلىپ ئارمىيىگە بەردى.
تاشقورغانلىق پېشقەدەم چارۋىچى ئومان
ئۆزىنىڭ يالغۇز پەرزەنتىنى باشلاپ كېلىپ ئىنقىلابىي قوشۇ-
نغا قاتناشتۇرماقچى بولدى. ئەمما، قوشۇن رەھبەرلىكى ئۇنىڭ
يالغۇز قېلىپ قالىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، قوبۇل
قىلماسلىقنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئۇ: «مەن قېرىدىم، مىلتىق
كۆتۈرۈپ ئۇرۇشقا قاتنىشالمايمەن. لېكىن، ھاسا ئېلىپ پادا
باقالايمەن، ئەگەر گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى
داۋاملىشىۋەرسە، ئوغلۇم يېنىمدا بولغىنى بىلەنمۇ ماڭا ياخ-

شۇ كۈنى يوق. ئۇنىڭدىن كۆرە، ئوغلۇم مىلتىق ئېلىپ ئاۋاس-
تىلارنى قىدىرسۇن، شۇنداق قىلسا، ئۆلسىمۇ ئارمانسىز كېتى-
مەن» دەپ چىڭ تۇردى. ئاخىرى ئوغلىنى قوشۇنغا قاتناشت-
تۇردى. ئوغلى ئىنقىلابىي قوشۇندا ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا يەنە
ئوغلىغا خەت يېزىپ: «بالام، ئۇرۇشتا باتۇرلۇق كۆرسىتىپ
دۈشمەننى يوقات، ھەرگىز قاچقۇن بولما! خىيانەتكارلىق قىلـ-
ما! دۈشمەن بىلەن يەكمۇيەك تۇتۇشقاندا جان تىكىپ ئېلىش!
دۈشمەننى يىقىتماي قويما، دۈشمەن بىلەن تەڭ ئۆلسەڭمۇ
مەيلىكى ھەرگىز قاچقۇچى بولما. مەن دېگەندەك قىلالمىساڭ
ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋىتىمىز ئۈزۈلىدۇ» – دېدى.
كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بارلىق كۈچ بىلەن مەدەت بې-
رىشى ئارقىسىدا ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ كۈچى تېز زورايدى؛
دۈشمەندىن غەنىيمەت ئالغان قورال – ياراقلار بىلەن ئۆزى-
نى قوراللاندۇرۇپ، قوشۇنغا يېڭى كىرگەنلەرنى تەربىيىلىگەن-
دىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا غەلىبىلىك
يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر شەرتلەرنى ھازىرلىدى. 1945 –
يىل 8 – ئاينىڭ 27 – كۈنى تاشقورغاندا ۋاقىتلىق مىللىي
ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت – تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇل-
دى. ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ئاممىنى ئىنقىلابىي قوشۇنغا قات-
نىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمە-
تىمۇ بىر قىسىم قوراللىق كۈچىنى ياردەمگە ئەۋەتتى ھەمدە ئۈچ
ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى گېنېرال لېتنانت ئىسھاقبەگنى
تاشقورغان ئىنقىلابىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى. كېيىن
ئۇ يەنە تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلى-
قىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالدى. تاشقورغان ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى:

«ھەر قايسى مىللەتلەردىكى ئېزىلگۈچى خەلقلەر ئىتتىپاقلىشىپ، گومىنداڭنى يوقىتىپ، ئەركىنلىك ۋە مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم» دېگەن ئىنقىلابىي شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

تاشقورغان ئىنقىلابىي قوشۇنىغا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 4000 دىن ئارتۇق كىشى (چېگرا مۇداپىئە قىسمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قاتناشقاندىن سىرت، يەنە مەمۇرىي خادىم ۋە زاپاس قىسىم بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي 6000 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. پۈتكۈل ئىنقىلابىي قوشۇنىنىڭ قوماندانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن باش قوماندانلىق شتابى، ئىچكى ئامانلىقنى ساقلاش ئۈچۈن جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنى قۇرۇلدى.

ئىنقىلابىي قوشۇنىنىڭ مەمۇرىي تەشكىلى ۋە ھەربىي تەشكىلى ئەھۋالى مۇنداق بولدى:

1. مەمۇرىي ئىشلار تەشكىلى:

مەمۇرىي جەھەتتە تاشقورغاندا تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. ئۇ، تاشقورغان، يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، قەشقەرنىڭ ئويتاغ، تاشمىلىق، ئاقتۇنىڭ 3 -، 4 -، 5 - رايونلىرى، يېڭىسارنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى.

ۋالىي ئاقيول بەگ (تاجىك بولۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تاشقورغاننى قايتىدىن ئىگىلىۋېلىپ، قىرغىنچىلىق سىياسىتى يۈرگۈزگەندە، پاناجاي ئىزلەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكەن، كېيىن قايتىپ كەلمىگەن).

مۇئاۋىن ۋالىيى جامكەلدى (قىرغىز، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا).

باشكاتىپ شەمشىدىن سەيخى (تاجىك، تاشقورغاندا پېنسىيىگە چىققان).

خەلق ئىشلار باشلىقى بۇلبۇل (تاجىك، تاشقورغاندا پېنسىيىگە چىققان).

مالىيە - سودا باشلىقى كۈلجۈن (تاجىك، گومىنداڭ تەرەپتىن ئۆلتۈرۈلگەن).

باج ئىدارە باشلىقى داۋۇت ساتتار (ئۇيغۇر، تاشمىلىقتىن).

ساقچى ئىدارە باشلىقى ئەلىفشا (تاجىك، ئۆلۈپ كەتكەن).

2. ھەربىي ئىشلار تەشكىلى:

باش قوماندانلىق شىتاب، ئورنى: تاغارما يېزىسىدا.

باش قوماندان كاردۋانشا (تاجىك، ئۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىرىدىن يولداش خوجىيەن، شۇليالار تاشقورغاندا پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ، ئىلغار ئىدىيىنى قوبۇل قىلغان. شۇ چاغدا «بومبۇر ساقال ھاكىم» دەپ ئاتالغان. تاشقورغان ئىنقىلابىدىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەندە پاناھلىق ئىزدەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ، قايتىپ كېلەلمەي ئۆلۈپ كەتكەن).

مۇئاۋىن قوماندان مەمەت ئەيسا (قىرغىز، قىزىلسۇدىن)،

باش كاتىپ قاۋدىل مىرزەك (قىرغىز، قىزىلسۇدا پېنسىيىگە چىققان).

گارنىزون پولك باشلىقى شىرىنبەگ (تاجىك، تاشقورغاندا خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىۋاتقاندا ئۆلۈپ كەتتى).

ئاساسىي قوشۇن ئىككى بىرىگادا قىلىپ تەشكىللەنگەن.

بىرىنچى بىردىگادا، ئورنى قوشراپتا، ئادىمى ئۈچ مىڭدىن كۆپ. بۇنىڭغا قاراشلىق يەكەن تەرەپتىكى قىرغىز، ئۇيغۇر، تاجىك ئۈچ پولك ۋە يېڭىساردىكى بىر قىرغىز پولكى بار ئىدى.

بىردىگادا باشلىقى مادايوپ (تاجىك، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىدىن يولداش خۇجىيەن تاشقورغان چېگرا مۇداپىئەچىلىك ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغاندا مادايوپنىڭ دادىسى زەمىر مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولغان. مادايوپ ئۆزى خۇجىيەننىڭكى ئىنىۋىسى، ئاكىسىشىر دىنبەگ لىيەنجاڭ بولغان، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان. شىڭ شىسەي يۈز ئۆرۈپ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن پاناجاي ئىزدەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىپ قالغان).

مۇئاۋىن بىردىگادا باشلىقى هاكىم شېرىپ (قىرغىز، قىزىلسۇدا).

باش مەسلىھەتچى شەمسىددىن سېخى (تاجىك، تاشقورغاندا).

سىياسىي كومىسسار مادايوپ (قوشۇمچە ئۆتىگەن).

قىرغىز پولكى («غالىبىيەت» پولكى):

پولك باشلىقى قادىر قۇل (قىرغىز، ئاقتۇ ناھىيىسىدىن، ئۆلگەن).

مۇئاۋىن پولك باشلىقى ئابدۇراخمان (قىرغىز، ئاقتۇ ناھىيىسىدىن).

تاجىك پولكى:

پولك باشلىقى لەشكەر (تاجىك، تاشقورغانلىق، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قىرغىنچىلىق سىياسىتى يۈرگۈزگەندە سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىپ قايتىپ كەلمىگەن).

مۇئاۋىن پولك باشلىقى ياقۇپ (تاجىك، تاشقۇرغانلىق، ئۆلۈپ كەتكەن).

مەسلىھەتچى بەكقەدەم (تاجىك، تاشقۇرغاندا پېنسىيەگە چىققان).

قاغىلىق ئۇيغۇر پولكى:

پولك باشلىقى ھاشىمئاخۇن (ئۇيغۇر، قاغىلىقتىن 11 بىتىمگە ئاساسەن قايتقاندا، كومەندانت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن).

مۇئاۋىن پولك باشلىقى تۇردى قارىبەگ (ئۇيغۇر، قاغىلىقتىن، بىتىمدىن كېيىن كومەندانت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن).

يېڭىسار ئېگىزيار دىكى قىرغىز پولكى:

پولك باشلىقى ئوسمان باتۇر (سىز بېشىلىق قىرغىز، كېيىن سوۋېتقا كەتكەن).

مۇئاۋىن پولك باشلىقى ئوسمان ئېركەش (قىرغىز، ئاقتۇدىن، سوۋېتقا كەتكەن).

بۇنىڭ قارىمىقىدا بىر تاجىك ئېسكادرونى (لېيەن) بولغان. كوماندىر ئېسكادرون ئەبەيسللا (تاجىك، كومەندانت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن).

ئىككىنچى بىر دىگادا، ئورنى ئويتاغدا. قارىمىقىدا ئىككى پولك بولغان.

بىر دىگادا باشلىقى تاھىر (قىرغىز، تاشقۇرغاندىن، كومەندانت ئەكسىيەتچىلىرى قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەندە سوۋېتقا كېتىپ، قايتىپ كېلەلمىگەن).

سىياسىي كومىسسارى تۇرغالى (قازاق، كېيىن سوۋېتقا كەتكەن).

باش كاتىپ قەمبەر (قىرغىز، ئاقتولۇق).

ئۇيتاغ قىرغىز پولكى:

پولك باشلىقى سايىت بەگ (قىرغىز، ئۇلۇغچات تىن).

مۇئاۋىن پولك باشلىقى سەتىبەك (قىرغىز، ئۇلۇغچات تىن).

مەسلىھەتچى سۇۋانقۇلى (قىرغىز، ئۇلۇغچات تىن).

قەشقەر ئۇيغۇر پولكى:

پولك باشلىقى ھەسەن ھاجى (ئۇيغۇر، يېڭىساردىن. بېيتىدىن كېيىن گومىنداڭ تەرىپىدىن تىرىك كۆمۈلگەن).

مۇئاۋىن پولك باشلىقى تۇرسۇن ھەتەم (ئۇيغۇر، يېڭىساردىن. بېيتىدىن كېيىن گومىنداڭ تەرەپتىن تىرىك كۆمۈلگەن).

ئىنقىلابىي قوشۇن تەرتىپكە سېلىنىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىن باش قوماندانلىق شىتابى ئاغرىمىدىن ئالدىنقى سەپ- تىكى چاغكۆمبەزگە يۆتكەلدى. ئىنقىلابىي قوشۇن 1945- يىلى ئاخىردا بىر ئايلىق ھەربىي تەربىيەدىن كېيىن ئۈچ يۆنە- لىشكە بۆلۈنۈپ قەشقەر، يەكەننى ئازاد قىلىش مەقسىتىدە ھەر- بىي يۈرۈش باشلىدى. ئۇلارنىڭ نىشانىسى مۇنداق بولدى: بىر يۆنىلىش ئوپال، تاشمىلىق تەرەپكە ھۇجۇم قىلىپ، غەر- بىي جەنۇب تەرەپتىن قەشقەرنى قىسىش؛ يەنە بىر يۆنىلىش ئاقتالا ئارقىلىق مېڭىپ يېڭىسارنى ئازاد قىلىش ۋە بۇ ئىككى قوشۇن ئىككى تەرەپتىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، قەشقەرنى ئازاد قىلىش؛ ئاندىن كېيىن قەشقەر بىلەن يەكەننىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش، ئاچچىك پولكى داتۇڭ، قوشراپ ئارقىلىق يۈ- رۈش قىلىپ قاغىلىق، پوسكام ناھىيەلىرىنى ئازاد قىلىپ، خوتەن بىلەن يەكەننىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش ھەم يە- نىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يەكەننى ئازاد قىلىش.

ئىنقىلابىي قوشۇن ئەشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە كەز دەرياسى بىلەن يەكەن دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى نەچچە يۈز كىلومېتىرلىق تاغ - داللارنى كېزىپ، ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى بولغان چاپالىق قوراللىق كۆرەشنى باشلىۋەتتى.

## ئەگرى توقاي ۋە جاپا-مۇشەققەتلىك قوراللىق كۆرەش

ئىنقىلابىي قوشۇن قەشقەر، يەكەن تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلغان چاغلاردا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتى ئەتراپىدىمۇ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى قوراللىق كۆرەش ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، گومىنداڭ قوشۇنلىرى ھەر قايسى جايلاردا خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، بىر - بىرىگە ياردەم بېرەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشقورغاندا ئىنقىلابىي قوشۇن بىراقلا غەلىبە قىلىپ دۈشمەننى يۈرەكسىز قىلىۋەتكەن، دۈشمەن تېخى ھۇشىنى يىغىپ بولالمىغان ھەم باشقا جايلاردىكى قوشۇنلىرىنى يۆتكەپ، قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. شۇڭا بۇ باسقۇچنىڭ دەسلەپىدە مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇن چاقماقتەك يۈرۈش قىلىپ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

تاشقورغاندىن قېچىپ چىققان دۈشمەنلەر چېچەكلىكتە ئوبۇلقاسىم رەھبەرلىكىدىكى پارتىزانلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، ئۇدۇل چىلگۈمبەزگە قاراپ قاچتى، يول بويى بۇلاڭچىلىق قىلىپ خەلق ئامىنىنى زار - زار قاخشاتتى. شۇڭا ئىنقىلابىي قوشۇن دۈشمەننى ئىز بېسىپ قوغلاپ ماڭغاندا يول بويلىرىدىكى خەلق قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ياردەم بەردى.

بىر نەچچە كىشىلەر ئىنقىلابىي قوشۇنغا قاتناشتى. بۇلار
چىلگۈمبەزگە بارغاندىن كېيىن، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق دۈشمەن
ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ، يېڭى جەڭچىلەر بىلەن قىسمىنى كې-
ڭەيتىپ ئاقتالاغا يۈرۈش قىلدى. گومىنداڭچىلار ئىنقىلابىي
قوشۇننى توسۇپ، تىرە - پىرەن بولغان قوشۇنىنى قۇتقۇزۇۋې-
لىش ئۈچۈن، قەشقەردە تۇرۇشلۇق 3 - پولكتىن بىر روتا
ئەسكەر ئەۋەتتى. 3 - پولك شۇ ۋاقىتلاردىكى گومىنداڭ ئار-
مىيىسى ئىچىدىكى جەڭگىۋارلىقى يۇقىرى بولغان قىسىم ھې-
سابلىناتتى، ياردەمگە ئەۋەتىلگەن بۇ قىسىممۇ خىللانغانىدى.
لېكىن 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىنقىلابىي قوشۇن ئاقتالاغا شىددەت-
لىك ھۇجۇم قوزغاپ، دۈشمەننىڭ بۇ قىسمىنى پۈتۈنلەي تورلاپ، يې-
ڭىسارغا قېچىشقا مەجبۇر قىلدى، مۇشۇ قېتىملىق جەڭدە 160 نەپەر
دۈشمەننى يوقاتتى، 20 كىشىنى (بىر روتا كوماندىرىمۇ قوشۇلۇپ)
يارىدار قىلدى، شۇ قېتىملىق جەڭ غەلىبىسىنىڭ ئىلھامى بىلەن
دۈشمەنلەرنى ئېگىز يارغىچە قوغلاپ باردى. دۈشمەن ئېگىز يارنى-
مۇ تاشلاپ يېڭىسارغا قاچتى. يول بويىدىكى يەرلىك ئادەمدىن
1000 دىن ئارتۇق كىشىنى تۇتۇپ كەتتى. يېڭىسار ناھىيە بازى-
رىغا بارغاندىن كېيىن، مەجبۇرىي ئېلىپ كەتكەن ئادەملەرنى ئۆز
قوشۇنىغا كىرگۈزۈپ، زىيانىنى تولدۇرۇپ، سانىنى تولۇقلىۋالدى.
ئاندىن ئېگىز يارغا قايتىدىن ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. ئىنقىلابىي
قوشۇن يول توسۇپ، دۈشمەننىڭ ئالدىدا ماڭغان 59 ئادىمىنى
پۈتۈنلەي ئەسىرگە ئالدى. قالغان دۈشمەنلەر بۇ خەۋەرنى
ئاڭلاپ، يېڭىسارغا قېچىپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا يەنە يەكەن
تەرەپتىن ياردەمگە كەلگەن 200 دىن ئارتۇق دۈشمەننى ئالدى-
ئارقىسىدىن ئوققا تۇتۇپ، ئۇلارنىڭمۇ 47 ئادىمىنى يوقاتتى.

ئىنقىلابىي قوشۇن ئاقتالا، ئېگىز ياردىكى جەڭلەردە ئومۇمەن دۈشمەننىڭ 300 دىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى ۋە 280 تال مىلتىق، 18 تال ئېغىز — يېنىك پىلىمۇت غەنىمەت ئالدى. دۈشمەندىن ئەسىرگە چۈشكەن ئازسانلىق مىللەت ئەسكەرلىرىنى تەربىيىلەپ ئۆز سېپىگە قوشتى. ئىنقىلابىي قوشۇن قىزىلتاغقا كەلگەندە يېڭىساردىن ساۋۇت قارى، مەھەممەت ئىمشان، ھەسەن ھاجى، تۇرسۇن بەگ قاتارلىقلار باشچىلىقىدا نۇرغۇن ئۇيغۇر دېھقانلار پارتىزانلارغا قوشۇلدى. شۇڭا يېڭىسار يۆنىلىشىدىكى ئىنقىلابىي قوشۇن ئۈلغىيىپ 400 كىشىدىن ئاشتى، دۈشمەننى يېڭىسارغا 50 كىلومېتىر كېلىدىغان يەركىچە سۈرۈپ باردى.

قەشقەر يۆنىلىشىگە قاراپ ماڭغان قوشۇنلار دۈشمەنلەرنى سۇ بېشى، بۇلاڭكۆل قاتارلىق جايلاردىن قوغلىۋېتىپ، بوستانتېرەك قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە مىڭشۇ ئەتراپىدىكى دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىپ، 9-ئاينىڭ 15-كۈنى ئوپالنى ئىشغال قىلدى. گومىنداڭ قوشۇنى تاشمىلىق، چەشتاغ، توققۇزاق قاتارلىق جايلارغا قېچىپ بېرىۋالدى. ئوپال، ئېگىزيار خەلقى ئىنقىلابىي قوشۇننى قىزغىن قارشى ئالدى، ئېگىزيار خەلقى ئۆز لۆكىدىن پارتىزانلارنى ئاشلىق، ئوت-چۆپ بىلەن تەمىنلىدى. ئوپال خەلقى ئىنقىلابىي قوشۇنغا 60 ئات ئىئانە قىلدى. 9-ئاينىڭ 16-كۈنى بۇ قوشۇن تاشمىلىققا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تاشمىلىقنى ئالالمىدى. ئەمما غەربىي جەنۇب تەرەپتىن قەشقەرگە جىددىي تەھلىكە سالغانلىقى ئۈچۈن دۈشمەن قەشقەردىكى ئاساسىي كۈچىنى ئوپال، تاشمىلىق تەرەپكە قاراتىشقا مەجبۇر بولدى. نەتىجىدە بۇ يۆنىلىشتىكى قوشۇن توسالغۇغا ئۇچراپ ئىلگىرىلىيەلمىدى.

يەكەن يۆنىلىشىگە قاراپ ئىلگىرىلىگەن تاجىك ئاتلىق پولـ
كىدىن قاسىمبەگ رەھبەرلىك قىلغان قىسىم كوسراپقا كېلىپ، ئارـ
قىشتا دۈشمەنگە قاتتىق تەھلىكە سالدى. 11- ئاينىڭ 2-كۈنى
ئەينىدىن رەھبەرلىكىدىكى 160 نەپەر كىشىمۇ چالىكۈمبەز
ئارقىلىق كوسراپقا كەلدى ۋە قاسىمبەگ قوشۇنى بىلەن
بىرلەشتى. ئۇلار بىرلەشكەندىن كېيىن، يەكەن، پوسكام
ناھىيىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دەرياكۆۋرۈكىنى بۇزۇپ تاشلاپ،
قاتناش ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتتى. 11- ئاينىڭ 13 - كۈنى لەشكەر
باشچىلىقىدىكى ئاساسىي كۈچ يېتىپ كېلىپ ئۇلارغا قوشۇلدى.
ئادەم سانى كۆپەيگەندىن كېيىن ئۇلار ئىككى
قىسىمغا بۆلۈنۈپ، كاچۇڭ - تىزمىشۇق سارايدىكى دۈشمەن
بازىلىرىغا ھۇجۇم قىلدى ۋە بىر نەچچە كۈنلۈك جاپالىق
جەڭلەر ئارقىلىق بۇ يەرلەردىكى دۈشمەن قوشۇنىنى قوغلاپ
چىقاردى. 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئىنقىلابىي قوشۇندىن
400 كىشى پوسكامغا ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، مەخپىيەتلىك
ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ ھەرىكىتىنى دۈشمەن
بالدۇراق سېزىۋالغاچقا، بۇ قېتىمقى ھۇجۇم ئوڭۇشلۇق بولمىدى.
ئىنقىلابىي قوشۇن پەقەت بىر قانچە ئات غەنىيمەت ئالدى.
ئاندىن پوسكامنى تاشلاپ قويۇپ، 12 - ئاينىڭ 18- كۈنى
ياقمىرىقا ھۇجۇم قىلدى. 19- كۈنى ياقمىرىقنى ئازاد قىلىپ،
دۈشمەندىن 38 ئادەمنى يوقاتتى. 24 مىلتىق، بىر پىلىموت غەنىـ
مەت ئالدى. بۇ، پوسكامدىكى دۈشمەنلەرنى چۆچۈتتى.
شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن پوسكامنى تاشلاپ قاچتى. لېكىن ئىنقىلاـ
بىي قوشۇن دۈشمەننىڭ پوسكامدىن قاچقانلىقىدىن خەۋەرسىز
قالغاچقا، قاچقان دۈشمەن ئىككى كۈندىن كېيىن يەنە پوسكامغا

قايتىپ كېلىۋالدى. ئىنقىلابىي قوشۇن رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق دۈشمەننىڭ يەكەن، پوسكام، قاغىلىق قاتارلىق ئاساسىي بازىلىرىدا قاۋۇلىپ، يەككە ـ تاياقچىنىز قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆز كۈچلىرىنى 30 ـ 40 تەن بۆلۈپ ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلى بىلەن دۈشمەن كۈچلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يوقاتتى، يېڭىسار ئەتراپىدىكى دۈشمەنلەرنى پارچىلاپ يوقىتىپ، قىزىل، ياقىمىدىق، قىزىلتاغ قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىلدى. شۇ ئاساستا يېڭىسار، ئېگىزيار، پوسكاملار ئوتتۇرىسىدىكى يولنى تۇتاشتۇردى. 1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى يېڭىساردىكى جاڭ دۈيجاڭ، دۇسوجاڭلار ئۆز قارمىقىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ، پوسكام، قاغىلىققا كېلىپ ئورۇنلاشماقچى بولدى. كېيىن ئۇلار پوسكامنىمۇ تاشلاپ ھەممە كۈچىنى قاغىلىققا يۆتكەپ بۇجاينى مۇداپىئە قىلىپ ياتتى. بۇ چاغدا ئۇلار خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. خەلق ئاممىسى مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ تېزراق كېلىپ، ئەكسىيەتچىلەرنى يوقىتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. بەزىلەر دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىن قېچىپ كېلىپ، ئىنقىلابىي قوشۇنغا خەۋەر يەتكۈزدى. بەزىلەر دۈشمەن قوشۇنىنى ئالداپ ئىنقىلابىي قوشۇن بۆكتۈرمىسىگە ئېلىپ كەلدى. ئىنقىلابىي قوشۇن بۇ ۋاقىتتا ئۆز قىسىملىرىنى 30 ـ 40 تەن كىچىك ئەترەتلەرگە ئايرىپ، قاغىلىق، پوسكام، يەكەن شەھىرى ئەتراپىدا پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇردى. خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن ئەتراپتىكى تارقاق دۈشمەنلەرنى ئارقىمۇ ـ ئارقا يوقىتىپ، قاغىلىقتىكى دۈشمەن قوشۇنىنى مۇھاسىرىگە ئالدى.

1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىنقىلابىي قوشۇن-
نىڭ تاجىك، قىرغىز، ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان «غالى-
بىيەت» پولكىنىڭ 600 دىن كۆپرەك ئادىمى قاغىلىق ناھىيە
شەھىرىگە ئۈچ تەرەپتىن شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. دۈشمەن
قوشۇنى شەھەر دەرۋازىسىنى ئېتىۋېلىپ، قاتتىق مۇداپىئەدە
تۇرغان بولسىمۇ، 5 - 6 سائەتلىك جەڭدىن كېيىن بەر-
داشلىق بېرەلمەي، مۇھاسىرىنى بۇزۇپ قېچىشقا ئۇرۇندى.
لېكىن، قاتمۇ - قات مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغاچقا، تۆت نەپەر
ئەسكىرىلا قاچالىدى، قالغانلىرى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. گومىن-
داڭ تۈرمىلىرىدىكى 500 دىن كۆپرەك ئادەم قويۇۋېتىلدى،
پوسكامدىكى دۈشمەن قوشۇنى قاغىلىقتىكى مىلتىق ئاۋازى
بىلەن تەڭ يەكەن شەھىرىگە قاچتى. ئىنقىلابىي قوشۇن قاغىلىق،
پوسكامنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قۇردى.
گومىنداڭنىڭ قەشقەردىكى 42 - دىۋىزىيىسى قاغىلىققا يار-
دەم بېرىش ئۈچۈن 3 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتكەن بولسى-
مۇ، بۇلار تۇمشۇق سارايغا كەلگەندە، شۇ يەردە يول توسۇپ
تۇرغان قىرغىز پولكىنىڭ ئۇشتۇمتۇت زەربىسىگە ئۇچراپ،
ئالاقىزادىلىقتا ئوق ئېتىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، 300 دەك ئۆلۈكى-
نى تاشلاپ بەدەر تىكىۋەتتى. بۇلارنىڭ توشۇپ كەلگەن ئو-
زۇق - تۈلۈكلىرىنى پۈتۈنلەي ئىنقىلابىي قوشۇن ئولجا قى-
لىۋالدى؛ قېچىپ يۈرۈپ ھالسىرىغان، تەمىناتى قولدىن كېتىپ
ئاچارچىلىققا دۇچ كەلگەن دۈشمەن قوشۇنى ئىنقىلابىي ئار-
مىيىگە تەسلىم بولغان بولسىمۇ، بىزنى سىز دۇالغان دۈشمەن
ھەربىي دائىرىلىرى 60 تىن ئارتۇق ئەسكىرىنى ئېتىپ ئۆل-
تۈردى، ئاخىرى ئۆزىنىڭ مىڭدەك ئەسكىرىدىن ئايرىلىپ،

چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ قاغىلىق ناھىيە-
سى پۈتۈنلەي ئازاد قىلىندى.

قاغىلىق ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن مىللىي ئارمىيە
ئۇيغۇر پولكىنى يېڭىباشتىن تۈزۈپ چىقتى. 15 كۈن ئىچىدە
ئۇيغۇر ياشلىرىدىن بىر مىڭ 500 كىشى مىللىي ئارمىيىگە
قاتناشتى. پوسكامدىمۇ ئۈچ ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ
رەئىسى روزدىيوپ باشچىلىقىدا مائارىپچى زىيالىيلار قوشۇلۇپ
پىدائىيلار ئەترىتى تەشكىللەندى. نەتىجىدە مىللىي ئارمىيە
يىگىتلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 5 مىڭدىن ئاشتى (ئەلۋەتتە
بۇ كىشىلەرنىڭ خېلى كۆپچىلىكىدە تېخى قورال - ياراق يوق،
كالتەك - چوقماق بىلەن قوراللانغانىدى). ئىنقىلابىي قو-
شۇنىنىڭ جاسارىتى، شان - شۆھرىتى ئاشتى، ئەگەر ئۆتكەندە
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىنقىلابىي قوشۇننى «پارچە -
پۇرات بۇلاڭچىلار» دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ كۈچىنى ناھايىتى
تۆۋەن مۆلچەرلىگەن بولسا، قاغىلىقنىڭ ئازاد قىلىنىشى
بىلەن گومىنداڭنىڭ ئىنقىلابىي قوشۇنغا نىسبەتەن كۆزقارى-
شىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى
ئەمدى بۇ ئىنقىلابىي قوراللىق كۈچكە ئەستايىدىل تاقابىل
تۇرمىسا، ئۆزىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ
پۈتۈنلەي گۇمران بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ ۋاقىت-
لاردا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ ئاقسۇ ۋىلايە-
تى ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان قوشۇنلىرى چېكىنگەن-
لىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بارلىق قورال-
لىق كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ، تاشقورغان ئىنقىلابىي قورallىق
كۈچلىرىگە تاقابىل تۇرۇشقىمۇ ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. شۇڭا،

3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى ئاق-
سۇ، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىن نۇرغۇن ئەسكەر يۆتكەپ، تاش-
قورغان ئىنقىلابىي قوشۇنىغا قارشى قويدى. ئىنقىلابىي قو-
شۇنىنىڭ ئادەم سانى گەرچە 5 مىڭدىن ئاشقان بولسىمۇ قو-
رال - ياراقلىرى كەمچىل، ھەربىي جەھەتتىكى تەربىيىسى-
نىڭ ئاجىز، ھەربىي ئۇرۇش تاكتىكىسى ۋە باشقا جەھەتلەر-
دىمۇ ئىنقىلابىي قوشۇندا تېخنىك خادىملار ئاز ئىدى، گومىنداڭ-
نىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسىگە يېتىشمەيتتى، يەنە بىر تەرەپ-
تىن ئىنقىلابىي قوشۇن قاغىلىقنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن
مەغرۇرلىنىپ، ئۆز كۈچىنى تولىمۇ يۇقىرى مۆلچەرلىدى.
گومىنداڭنىڭ يەكەن، قەشقەردىكى كۈچلىرىنى بىر پەشۋاغى-
مۇ يارىمايدۇ، دەپ قارىدى. ھەر جەھەتتە تولۇق تەييارلىق
كۆرمەيلا يېنىكلىك بىلەن يەكەن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشنى
پىلانلىدى. بۇنى سەزگەن دۈشمەنلەر بىر تەرەپتىن يەكەن،
يېڭىسار تەرەپتىكى مۇداپىئەسىنى كۈچەيتسە، يەنە بىر تە-
رەپتىن كىشىلەرنىڭ بەس - بەستە ئىنقىلابىي قوشۇنغا قاتى-
نىشىۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىشپىيون-
جاسۇسلىرىنى ئىنقىلابىي قوشۇنغا سوقۇندۇرۇپ كىرگۈزدى،
بۇ ئىشپىيون - جاسۇسلار تۈرلۈك چارىلار بىلەن رەھبەرلىك
قاتلىمىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋېلىپ، دۈشمەنگە ئاخ-
بارات يەتكۈزۈپ تۇردى. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە ئىنقىلابىي قو-
شۇن ناھايىتى زور بەدەل بەردى، كۆپ چىقىم تارتتى.

1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «غالىبىيەت» پولكى-
دىن ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك بولۇپ 390 دىن
ئارتۇق يىگىت تۆت ئىسكادرونغا بۆلۈنۈپ (1 - ئىسكادى-

رون كوماندىرى ھەسەن ھاجى، ئىككىنچى ئىسكادرون كوماند-
دىرى ئابدىراخمان، ئۈچىنچى ئىسكادرون كوماندىرى بايەك
باتۇر، 4 - ئىسكادرون كوماندىرى تۇرسۇن ئاخۇن) ئۈچ تە-
رەپتىن يەكەن شەھىرىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، قاتتىق
مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇلار ئىچىدىن كوماندىر بايەك (تاجىك)
60 كىشى بىلەن يەكەن يېڭىشەھىرىگە ئىچكىرىلەپ كىردى.
ئۇ قوماندانلىق شىتابىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى،
باشقا قوشۇنلارنىڭ يېتىپ كېلىشى، دۈشمەن ئەھۋالىنىڭ ئې-
نىقلىنىشىغا قارىماي ئىلگىرىلىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە
يول باشلىغۇچىسى گومىنداڭ ئىشپىيونى
بولغانلىقىدىن دۈشمەننىڭ مۇھاسىرە چەمبىرىكى ئىچىگە كىرىپ
قالدى. دۈشمەن ئۇلارنىڭ ئالدى-ئارقىسىدىن شىددەتلىك
ئوققا تۇتتى. بايەك باتۇر جەڭچىلەرگە ئىلاجىنىڭ بېرىچە مۇ-
ھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشنى بۇيرىدى. بىر كېچىلىك
قانلىق ئۇرۇش نەتىجىسىدە بۇ بىر قىسىم ئىنقىلابىي جەڭچى-
لەردىن پەقەت 28 لا كىشى مۇھاسىرىدىن چىقىپ كېتەلىدى.
31 كىشى قۇربان بولدى. بايەك باتۇر قاتتىق مۇھاسىرىدە
دۈشمەن قولىغا تىرىك چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆزى ئېتىپ،
مەردانىلىق بىلەن قۇربان بولدى. دۈشمەن ئۇنىڭ كاللىسىنى
كېسىۋېلىپ، يەكەن شەھىرى كوچىلىرىدا ئېسىپ سازايى قىلدى.
يېڭىسار، چەشتاغ تەرەپلەرگە ھۇجۇم قىلغان قوشۇنلارمۇ ئوڭۇش-
سىزلىققا ئۇچرىدى. گومىنداڭ ئۆزىنىڭ 34- ۋە 17- پولكلىرى-
دىن 150 دىن كۆپرەك ئەسكىرىي كۈچىنى يۆتكەپ، يېڭىسارغا
ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئىنقىلابىي قوشۇننى توستى. ئىنقىلابىي
قوشۇن ئەگىز يېزىسىغا كەلگەندە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۇچراپ

تەرەپ ـ تەرەپكە قاچتى. قالايمىقانچىلىقتا ئىنقىلابىي قوشۇن-
دىن 100 دىن ئارتۇق ئادەم دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتتى.
شۇنىڭ بىلەن يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىمۇ بىكار بولدى.
چەشتاغقا ھۇجۇم قىلىپ بارغان ئەنجانباي باشچىلىقىدى-
دىكى 320 كىشىلىك ئىنقىلابىي قوشۇن باشتا گومىنداڭنىڭ
چەشتاغدىكى بىر ليەن ئەسكىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ شىددە-
تلىك ھۇجۇم قوزغىغان بولسىمۇ، لېكىن دۈشمەننىڭ قەشقەر
تەرەپتىن ياردەمچى كۈچلىرى تېز يېتىپ كەلگەن-
لىكى ئۈچۈن، ھۇجۇمنى توختىتىپ بەلگۈتاغ
تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئەنجانباينىڭ
ئېتىغا ئوق تەگكەنلىكى ئۈچۈن قوشۇن بىلەن تەڭ چېكىنىپ كې-
تەلمىدى. ئۇ، يالغۇز دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ يولىنى توسۇپ
تۇرۇشۇپ بىر قانچە ئون ئادەمنى ئۆلتۈردى. ئاخىرى ئۆزىمۇ
قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. ۋەھشى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى-
لىرى ئۇنىڭ كاللىسىنىمۇ كېسىپ، ئوپالدا كوچا ـ بازارغا ئې-
سىپ سازايى قىلدى. لېكىن ئىنقىلابىي ئامما قورقۇپ كەتمىدى
ئايتىللا دېگەن بىر ئايال بارلىق خەلق ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوت-
تۇرىغا چىقىپ، ئىنقىلابىي قۇربان ئۈچۈن كۆز يېشىنى تۆكتى،
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان
ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقىنى غەزەپ بىلەن ئېيىپلىدى.

ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ يەكەن، يېڭىسارلارغا قىلغان ھۇ-
جۇمى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، 3- ئاينىڭ ئاخىر-
لىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ-
دىكى بارلىق ھەربىي كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ، تاشقورغان
ئىنقىلابىنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئازاد رايونلارغا ئومۇميۈز-

لىك ھۇجۇم قوزغىدى. ئىنقىلابىي ئارمىيە ئۆزى بىلەن دۈش-
مەن ئوتتۇرىسىدىكى ئەسكەرىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا پەرقنا-
ھايىتى چوڭ بولغاچقا قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرى ۋە يەكەن
شەھىرى ئەتراپىدىن يەكەننىڭ غەربىيجەنۇب تاغ رايونىنى —
كاچۇڭ، قوشراپ تەرەپكە چېكىندى. بۇ يەردە قوشۇننى دەم ئال-
دۇردى، تەرتىپكە سالدى. ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بې-
رىپ، ئۆز كۈچىنى يېڭىباشتىن تەشكىللەپ، دائىم مۇداپىئەدە
تۇرغان شارائىتتىمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كۆپ قې-
تىملىق ھۇجۇمىغا باتۇرلۇق بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، نۇرغۇن قو-
رال - ياراق، ئوق - دورا، ھەربىي ئەسلىھەلەرنى غەنىمەت
ئېلىپ، ئۆزىنى قوراللاندۇردى. تەييارلىق كۆرۈپ جەڭگىۋار-
لىق كۈچىنى ئاشۇرۇش ئاساسىدا، 1946- يىل 6- ئايدا يەكەن،
قەشقەر، خوتەن تەرەپلەرگە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش، جەنۇبىي
شىنجاڭدا مىللىي ئىنقىلابنىڭ يەنە بىر قېتىملىق يېڭى دولقۇ-
نىنى قوزغاشنى پىلانلىدى. ئەمما بۇ ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىن-
قىلابىي ھۆكۈمىتى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش غەلىبە
قىلغاندىن كېيىنكى ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتنى، خەلقنىڭ تەلىپى-
نى نەزەرگە ئېلىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تېنچلىق كېلىشىمى —
«11 ماددىلىق بىتىم» نى ئىمزالىغانلىقتىن، كېيىنكى ھۇجۇم
پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيە-
سىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال ئىسھاقبېك ئۆزى قوشراپقا
كېلىپ، «11 ماددىلىق بىتىم» ئىمزالانغانلىقى ۋە ئۇرۇش توختى-
تىلغانلىقىنى جاكارلىدى. تاشقورغان ئىنقىلابىي قوشۇنى بىتىم-
گە ئەمەل قىلىپ. تاشقورغانغا چېكىنىشكە باشلىدى ھەمدە شىن-
جاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش ئىشىغا قاتنىشىش -

روش ئۈچۈن تاشقورغان ئىنقىلابىي تەرەپتىن سىدىقخان تۆرەم، قۇربان دۆلەت قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلىپ ئاۋۋال ئۈرۈمچىگە، كېيىن غۇلجىغا ئەۋەتتى.

ئىنقىلابىي قوشۇن بىر قانچە ئاي جاپا-مۇشەققەتلىك شارائىتتا كۆرەش قىلغانلىقى، ھەر جەھەتتىكى شارائىت ناچار بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئايروپىلان ئەۋەتىپ باكتېرىيە چاچقانلىقى، يازدا ياۋا كېزىلكېسەلى تارقىغانلىقى ئۈچۈن ئۇرغۇن قىيىنچىلىق يۈز بەردى. ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇنداق يۈزسىزلىكىدىن غەزەپلەنگەن كەڭ ـ كوماندىر جەڭچىلەر چېكىنىشنى توختىتىپ، ئەسلىدىكى پىلان بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇرۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى.

1946-يىلى 8-ئايدا تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن مادايوپ، شېرىنبېگ، ئوبۇلقاسىم قاتارلىقلار داغدۇغىلىق مۇكاپاتلاش يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ۋاقتىدىمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ نومۇسسىزلىق قىلغانلىقىغا غەزەپلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش تەلىپىنى قويغانىدى. لېكىن ئىنقىلابىي قوشۇن قوماندانلىق شتابى پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتىنى بۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن يەنىلا تىنچلىق كېلىشىمدىكى بەلگىلىمىلەرگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ چېكىنىشنى، پەقەت تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن شۇ بىر قىسىم دۈشمەننىلا يوقىتىش بىلەن چەكلىنىشنى بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابىي قوشۇن ئۆز بازىلىرىدىن چېكىنىپ، تاشقورغانغا قايتىپ كەتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بېتىم ما-

دىلەردىغا ئەمەل قىلىپ تاشقورغان ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ
ئارمىيە مەمۇرى ئورگانلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كادىر،
جەڭچىلەرنى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇردى. گومىنداڭ ئەكسىيەت-
چىلىرى ئازاد رايونلارنى قايتا ئىشغال قىلغاندىن كېيىن دەھ-
شەتلىك قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى، تاشقورغان ئىنقىلابىغا قات-
ناشقان ئاساسلىق تايانچلارنى، بىر قەدەر مەرتىۋىلىك زات-
لارنى تۇتۇپ قامىدى، بىر قىسمىنى ھېچقانداق سوراق قىلمايلا
يوشۇرۇن ھالدا ئۆلتۈردى. 1947-يىلدىن تارتىپ 1949-
يىلى ئازاد بولغانغا قەدەر تاشقورغان ناھىيە دائىرىسىدىكى
ئىنقىلابىي جەڭچىلەردىن ۋە باشقا بىگۇناھ خەلقتىن 400 دىن
ئارتۇق كىشى قاماققا ئېلىندى ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

# «ماتاساھىپ» توغرىسىدا

«بىلگىنىڭنى ئەلدىن يوشۇرما»
—ئۇيغۇر خەلق ماقالى

## قەمەرجان رەتلىگەن

ئىنسانلار يورۇق دۇنياغا تۇنجى قېتىم كۆز ئاچقاندا گەر-
چە يىغلاپ تۇغۇلسىمۇ، لېكىن ئۆمۈر بويى يىغلاپ، ھەسرەت نا-
دامەت ئىلكىدە ئۆتۈشنى راۋا كۆرمەيدۇ، ھايات يولى ئىزدەي-
دۇ، ئەركىنلىك ئىزدەيدۇ. «ماتاساھىپ» ئەنە شۇنداق جاپا ئا-
دىدا تېز پۈكمىگەن، ھەسرەت چەكسىمۇ ئۆزىنى يوقاتمىغان،
بىلىم ئىشقىدا پەرۋانە بولغان، خەلققە بەخت - سائادەت كەل-
تۈرۈش يولىدا ئۆز ھاياتىنى بېغىشلاپ، تىنىم تاپماي تىرى-
شىپ ئۆتكەن ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر زاتتۇر.

«ماتاساھىپ» نىڭ ئەسلى ئىسمى موللا مەھەممەت ئو-
غۇز ھەمرايى بولۇپ، «ھېكىم ساھىپ» كەسپىي ئۇنۋانى، «ما-
تاساھىپ» ئۇنىڭ لەقىمىدۇر. «ماتاساھىپ» 1906- يىلى قەش-
قەر كونىشەھەر ناھىيە ئوپال يېزىسىدىكى ئوقۇمۇشلۇق مەر-
پەتپەرۋەر زات موللا تۇردى ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.
ئۇ، 1906- يىلدىن 1915- يىلغىچە ئۆز ئاتىسى موللا تۇردى ئاخۇن
خەلفىتىمدىن ساۋاق ئېلىپ ئوقۇيدۇ. لېكىن ئۆز دادىسىدىن
ئۆگەنگەن بىلىملىرى بىلەن قانائەتلەنمەي تېخىمۇ يۇقىرى
بىلىم ئىگىلەش ئارزۇسى بىلەن 1915 - يىلى قەشقەر خانى-
لىق مەدرىسىگە ئىمتىھان بېرىپ ئەلا دەرىجىدە ئۆتۈپ، قوبۇل

قىلىنىدۇ. ئۇ خانلىق مەدرىستە ئوقۇش جەريانىدا تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىپ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، كۆزگە كۆ-رۈنگەن تالىپلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. «ماتا ساھىپ» نىڭ ئەسلى تەگىبەرى ئىسمى مۇھەممەت قارىم ئىدى. ئۇ، خانلىق مەدرىستە ئوقۇش جەريانىدا ئۆزىگە ئەدەبىي تەخەل-لۇس قويۇپ، ئىسمىنى موللا مۇھەممەت ئوغۇز ھەمرايى دەپ ئاتىغان.

موللا مۇھەممەت ئوغۇز ھەمرايى بىلىمگە بولغان تەش-نالىقى بىلەن قېتىقىنىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل - زېھنى-نى ئىشقا سېلىپ، ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بىلىم-سىزلىكنىڭ بارلىق نامراتلىق، گادايلىق، خانىۋەيرانچىلىق-نىڭ باش مەنبەسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن بول-سىمۇ ، زۇلۇم - زىيادەت بېسىپ كەتكەن جاھالەت تۇر-مۇشىدىن قانداق قىلىپ قۇتۇلۇشىنىڭ ئىمكانىيىتىنى كۆپ قېتىم ئىزدىگەن بولسىمۇ لېكىن چارىسىنى قىلالمىغانىدى. مۇشۇ مەزگىل دەل قەشقەردە قارا كېيىزلىك كېسىلى، ئۇچەي يۇللىرى يۇقۇملۇق كېسىلى، تەپ كېسىلى قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللەر تارقىلىپ كېتىپ نۇرغۇن كىشىلەر كېسەللىك ئازابىدىن قىينىلىپ ھەتتا قازا تارتىپ كېتىپ باراتتى. ئەمما كېسەل ئاپەتتىگە مۇداپىئە كۆرگىدەك ۋە داۋالىغىدەك مېدىتسىنا ئورۇنلىرى بولمىغاچقا، بىمارلار ۋاقتىدا داۋالىنالماي «بالا كەلسە قوش كەپتۇ، دەككە - دەشنام مۇش كەپتۇ» دېگەندەك ھايات - مامات چېگرىسىدا تىركىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىلىم - مەرىپەت تارقىتىدىغان ئىلىم - پەن ئورۇنلىرىنىڭ تولىمۇ كەمچىل بو-لۇشى تۈپەيلىدىن، خەلقىمىز ئىلىمسىزلىكنىڭ قاقاس چۆلىدە

قاتمۇ - قات، رىيازەت چېكىپ ئۇھ دېگۈچىلىكى قالمىغان پۈرسەتتىن پايدىلانغان ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ئۆز ئىشپىيونلىرىنى ئىشقا سېلىپ قەشقەرنىڭ ئوقۇمۇشلۇق زاتلىرىنى، ئادالەتپەرۋەر كىشىلىرىنى تۈرلۈك ۋاسىتىلار بىلەن ئۈجۈقتۇرۇۋېتىپ، قەشقەرنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى يۆتكەپ چىقىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى كىرگۈزۈپ، خەلقىمىزنى زەھەرلەپ بىخۇتلاشتۇرۇپ، قەشقەرنى پىلە غازاڭ يېگەندەك يېۋېتىش قەستىدە بولۇۋاتاتتى. شۋېت مىسسىيونېرلىرى بولسا دوختۇرخانا ئېچىپ داۋالاشنى يولغا قويۇش ۋە تىل ئۆگىنىش مەكتىپى ( شۆتاڭ ) ئېچىپ تىل خادىملىرىنى تەربىيىلەش باھانىسى بىلەن بىر قىسىم پايلاقچىلارنى تەربىيىلەپ قەشقەردە پايلاقچى يامراپ كەتكەنىدى. بۇنىڭ بىلەن قەشقەر خەلقى ئېغىز ئېچىپ گەپ قىلغۇدەك، پۇت يۆتكەپ ئۆرە تۇرغىدەك پۇرسەتنى تاپالماي، يۈرەك-باغرى لەختە - لەختە قان زەرداپقا تولغانىدى. بۇ دەھشەتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئوغۇز ھەمرايى فېئوداللىزم جەمئىيىتىنىڭ چىرىك تۈزۈمىگە بولغان چەكسىز ئۆچمەنلىكى بىلەن خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولىنى ئىزدەيدۇ ھەمدە بۇنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى ئىلىم ئىگىلەش، مەرىپەت يولى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، چەت ئەلگە چىقىپ ئىلىم - پەن ئۆگىنىپ كېلىپ خەلقنى ئويغىتىش قارارىغا كېلىپ كۆپ قېتىم قەدەم رەنجى قىلىدۇ.

بۇ چاغدا ئوغۇز ھەمرايىدەك بىر ئاددى تالىپقا نىسبەتەن بۇ سەپەر بەكمۇ قىيىنغا چۈشەتتى، لېكىن قىيىنچىلىق ئو-

غۇز ھەمرايىنى باش ئەگدۈرەلمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا قەتئىي مېڭىپ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئالىم ئابدۇقادىر داموللام بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرىنىڭ «پامىردىن ئالتايغىچە چېدىر بارگاھ قۇرغان ئىدۇق، ئەپسۇسكى جاھالەت، نادانلىق، بىخۇتلۇق، ئىناقسىز-لىق، كۆرەلمەسلىك، مەنمەنلىك، شەخسىيەتچىلىك بىزنى گۇمران بولۇشنىڭ گىردابىغا ئېلىپ كەلمەكتە. ۋەتىنىمىز، خەلقىمىز نادانلىقتا قېلىپ ۋىجدانىمىز ئازابلانماقتا»① دې-گەن ئەقلىي سۆزلىرىنى دائىم دىلىدا يادلاپ بۇ سەپەرگە تو-لۇق تەييارلىق بىلەن ئاتلاندى. ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن ئوغۇز ھەمرايىنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇپ ئۆز ئارزۇ - ئىستەك-لىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مىنۇتلىرى يېتىپ كەلدى. ئۇ، تاشمىلىق-لىق باقىھاجىم دېگەن كىشىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ ھەج قىلىش سەپىرىگە تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قېشىغا بېرىپ يېلىنىپ باقى ھاجىغا ئۆزىنىڭ قەلبسۆزلىرى-نى ئىزھار قىلىپ، باقى ھاجىمىنىڭ ھەمراھلىقىدا 1924- يىلى لاداخ يولى ئارقىلىق چەت ئەلگە سەپەر قىلىپ پاكىستانغا بارغاندا باقى ھاجىمىنىڭ ياردىمى بىلەن كاراچىدىكى بىر چوڭ مەدرىستە 1927- يىلغىچە ئوقۇيدۇ، ئوقۇش جەريانىدا دىنىي بىلىمنى تولۇقلىغاندىن باشقا ئەرەب، ئوردو، پارىس تىللىرىنى مۇكەممەل پىششىق ئۆگىنىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كاراچىدىكى يەنە بىر چوڭ مەدرىسكە مۇدەررىس بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. ئوغۇز ھەمرايى بۇ مەدرىستە

① خىۋىر تۆمۈرنىڭ «ئابدۇقادىر داموللام» دامالىق تارىخى ئوچېرىكىدىن ئېلىندى.

مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقاندا ئۆز تۇرمۇشى خېلى باياشات ئۆت-
كەن بولسىمۇ، لېكىن كۆز ئالدىدىن سۆيۈملۈك ئانا يۇرتى ۋە يۇرت-
داش-قېرىنداشلىرىنىڭ ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدىكى ئېچىنىشلىق
تۇرمۇش - سەركۈزەشتىلىرى زادىلا نېرى كەتمىدى.

ئوغۇز ھەمرايى كاراچىدا مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان مەز-
گىلدە ئۆز تالىپلىرىنىڭ ۋە باشقا جامائەت ئەرباپلىرىنىڭ
ئالاھىدە ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، ئۆزگە يۇرتنىڭ راھەت-پارا-
غىتىنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئانا يۇرتىنىڭ جاپاسى
بىلەن تەڭ قىلماي، 1930- يىلى مۇدەررىسلىكنى ئۆزىنىڭ يې-
تىشكەن شاگىرتلىرىدىن بولغان قەشقەر كونىشەھەر تاشمى-
لىقلىق ئىسمايىل ئاخۇن تەلمىش مەۋلەۋى داموللام ( 1987 -
يىل 4 - ئايدا قەشقەر شەھىرىدە ۋاپات بولغان ) غا ئۆتكۈ-
زۈپ بېرىپ ئۆزى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى بىر
مېدىتسىنا ئالىي مەكتىپىگە ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇشقا كى-
رىپ، بۇ مەكتەپتە 1936- يىلغىچە دوردىگەرلىك ئىلمىنى پۇخ-
تا ئىگىلەش بىلەن بىرگە، ئىنگلىز تىلىنىمۇ مۇكەممەل
ئۆگىنىپ چىقىدۇ ھەمدە شۇ يىلى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، قاي-
تىشىدا ھىندىستان، ئافغانىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان، ياپو-
نىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ، بىر تەرەپتىن ساياھەت
قىلسا يەنە بىر تەرەپتىن سىرتقى دۇنيانى ئۆگىنىدۇ. سەپەر
جەريانىدا تىل جەھەتتە تامامەن ئۆزىگە تايىنىدۇ. مۇشۇ ئۆ-
گىنىش، ساياھەت قىلىش جەريانىدا ئۆزلىرى بارغان، سايا-
ھەت قىلغان دۆلەت ۋە جايلاردىكى بىر قىسىم جامائەت ئەر-
باپلىرى بىلەن تونۇشىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەلقئارادا
يۈز بېرىۋاتقان تۈرلۈك غەلىيان، قالايمىقانچىلىقلارنى

ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، ئاڭلايدۇ. بولۇپمۇ ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ جۇڭگودىكى تاجاۋۇزچىلىق، قىرغىنچىلىق ۋەھشىيانە ھەرىكەتلىرىنى ئاڭلىغان ئوغۇز ھەمرايى 1938-يىلى تەشەببۇسكارلىق بىلەن خەلقئارادا قىزىل كىرەست جەمئىيىتىگە ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، داۋالاش ئەترىتىگە (ئۆمىكىگە) قاتنىشىپ جۇڭگونىڭ ئازاد رايونلىرىغا كېلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتىنىنى قۇتقۇزۇش ئۇرۇشىدا يارىدار بولغان جەڭچىلەرنى داۋالايدۇ.

ئوغۇز ھەمرايى ئەنە شۇ مەزگىللەردە پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىرىدىن ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ خاتىرىسىگە يازغان (بۇ خاتىرە ھازىر كونىشەھەر ناھىيىسىدە ساقلانماقتا) ھەمدە بۇ كۆرۈشۈشنى باشقىلارغا ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بەرگەن. ئازاد رايونلاردا داۋالاش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان ئوغۇز ھەمرايى شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، «كېرەك» دېگەن تەخەللۇس بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ۋە ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇپ، پات ئارىدا جۇڭگو ئاسمىنىدىكى قارا بۇلۇت تارقاپ تاڭ يورۇيدىغانلىقى مەزمۇن قىلىنغان بىر نەچچە پارچە شېئىر يېزىپ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇرۇشتىكى ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق ھەرىكىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە ماختىغان. شۇنىڭ بىلەن ئازاد رايوندا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدىكى بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنىڭ بىرى بولۇپ كىشىلەرگە تونۇلغان.

1938- يىلىدىن 1946- يىلىغىچە مەتى توققۇز يىل جەريا-
نىدا ئوغۇز ھەمرايى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش،
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئال-
دىنقى سەپىدە داۋالاش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز كەسپى
سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، خەنزۇچە تىل - يېزىقىنىمۇ
پۇختا ئىگىلەپ، بىر تەرەپتىن دوختۇرلۇق كەسپى بىلەن
شۇغۇللىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن تەرجىمانلىق قىلدى ھەمدە
قوشۇمچە چۆچەكنىڭ مەركىزىي رادىئو ئىستانسىسىدە لىكتورلۇق
قىلغان. سابىق مەركىزىي چېگرا رايون ھەربىي ئالىي
مەكتىپىدە ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىسىمۇ
بولغان. ئوغۇز ھەمرايى ئۆمرىمەن 1938- يىلىدىن 1946- يىلىغىچە
بولغان توققۇز يىللىق ھاياتىدا دوختۇرلۇق، تەرجىمانلىق، ئو-
قۇتقۇچىلىق، لىكتورلۇق خىزمەتلىرىنى ئىشلەش جەريانىدا ئۆز
تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ «پەلسەپە ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات»①
دېگەن ئۇيغۇرچە لۇغەتنى تۈزۈپ باستۇرۇپ، ئۇيغۇر پەل-
سەپە ئاتالغۇلىرىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. ئوغۇز ھەمراي-
نىڭ كۆپ خىل تىل - يېزىقنى بىلىدىغان تىلشۇناسلىق تالان-
تىغا ۋە مەدىنىيىتىدىكى يۇقىرى بىلىمىگە ئاساسەن كىشىلەر «ھې-
كىم- ساھىپ» دېگەن يۇقىرى باھانى بەرگەن. «ھېكىم ساھىپ»
1946- يىلى پارتىيىمىز رەھبەرلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى
بىلەن شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈ-
مىتىنىڭ تېرورلۇق سىياسىتىگە قارشى تەشۋىقات ئۇيۇشتۇرۇپ
ئۈرۈمچىدە 3000 دەك ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنى ئۇيۇش-

① «پەلسەپە ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات» نىڭ نۇسخىسى ھازىر كونىشە-
ھەردە ساقلانماقتا.

تۇرۇپ نامايىش قىلىپ، چاھانگىرلەرنىڭ رەزىل ئەپتى-بە-
شەرىسىنى پاش قىلدى ھەمدە فېئوداللىق تۈزۈمىنى، خۇرا-
پاتلىقنى سۆكتى. «ھېكىم ساھىپ» تەشكىللىگەن بۇ نامايىش-
چى قوشۇن ئەزالىرى شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات-
لىرىدىن بولغان ئاق چەكمەن، ئاقچوتادىن كاستىيۇم-بۇرۇل-
كا، يوللۇق سۇلىمىدىن كالىستۇك، بېشىغا دوپپا كەيگەن بو-
لۇپ، بۇ نامايىشچىلار گومىنداڭنىڭ فاشىستىك زوراۋانلىقىغا
قارشى تۇرۇش، يەرلىكتە زاۋۇت، فابرىكا قۇرۇش، چەت
ئەل كۈچلىرىنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىمىزنى ئەر-
زان باھادا ئېلىپ چىقىپ كېتىشىنى چەكلەشنى ئاساسىي مەز-
مۇن قىلغان شوئارلارنى توۋلاپ، پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈشۈپ،
خەلقنى غەپلەت ئۇيقىسىدىن ئويغىتىپ، خوراپاتلىقنى تۈگىتىپ،
ئىلىم- مەرىپەت ئىگىلەشكە چاقىردى.

بۇ قېتىمقى نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ ياڭراق سادىسى
ئۈرۈمچىنىڭ ھەر قايسى كوچىلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ،
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئالاقىزادە قىلىۋەتتى. بۇ ئاق
چەكمەن، ئاق چوتادا بىرخىل كاستىيوم- بۇرۇلكا، يوللۇق
سۇلىمىدا كالىستۇك تاقىغان نامايىشچى قوشۇنىنىڭ تەشكىلات-
چىلىرىدىن بىرى بولغان «ھېكىم ساھىپ»قا «ماتا ساھىپ»
دېگەن ئىجابىي لەقەمنى قويغان. «ماتا ساھىپ» ھاياتىدا
ئۆز ئۆمرىنى ئىلىم تەھسىل قىلىش، خەلقنىڭ ئەركىنلىك
ئىشلىرىغا بېغىشلىغان. ئۇ، ئىلگىرى- ئاخىرى بولۇپ «پەل-
سەپە ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھاتلىق لوغەت»، «خوجاملار تارى-
خىي»، «تىببىي زۆرۈر دېيەت» قاتارلىق ئۈچ كىتابنى يېزىپ
چىقىپ باستۇرۇپ خەلقىمىزگە تەقدىم قىلغان. ئۇ، 1950- يىلى

ئۆز دىنىڭ ئانا يۇرتى ئوپالغا قايتىپ دوختۇرلۇق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان. «ماتا ساھىپ» بىر ئۆمۈر خەلقنى ئويغىتىش، بىمارلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش، ئىلىم ئىگىلەش يولىدا ئۆزىنىڭ پۈتۈن ياشلىق ھاياتىنى، زېھنىي كۈچىنى، يۈرەك قېنىنى سەرپ ئەتكەن ئىلغار ۋەتەنپەرۋەر دېموكرات بولسىمۇ، لېكىن سول لۇشيەنىنىڭ دەھشەتلىك زەربىسى بىلەن «كېرەكسىز داشقال، ئىشپىيون»، «شىزجېڭجۇيىچى» دېگەن تۈرلۈك ئاساسسىز بەدناملار بىلەن قارىلىنىپ «دىكتاتۇرا» قوشۇنىنىڭ نازارىتىگە ئېلىنىپ، تالاي قېتىم كۈرەش، پىپەن قىلىنىپ، تۆھمەت، تىل- ھاقارەت، دەشنامىلارنى يېتىپ ئاشقىچە ئىشتىپ ئازابلىنىپ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى توغرى سىياسەت، ياخشى ۋەزىيەتنىڭ ھوزۇر- ھالاۋىتىنى كۆرۈشكە مۇۋاپەق بولالماي كېسەل بولۇپ، 1978- يىلى 5- ماي ئازنا كۈنى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئوپالدا قازا تاپقان.

(ماتېرىيالنى كونىشەھەر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تەمىنلىگەن).

# تۆمۈر ئېلى سىجاڭ قەشقەردە

## شېرىپ خۇشتار

1933- يىلى ئەتىياز، تۆمۈر سىجاڭ (تۆمۈر ئېلى غەربكە مېڭىپ ئاقسۇغا كىرگەندە، كۇچاردا تۇرۇۋاتقان خوجىنىياز ھاجى تۆمۈر ئېلىگە سىجاڭلىق ئۇنۋانىنى بەرگەنىدى) ئۇ ئول- غايغان قوشۇننى باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، مارالبېشى چېگرىسىغا يېقىنلاشقاندا، باي ناھىيىسى تەۋەسىدىكى يا قى- ئېرىدەقتا بولغان جەڭدە تۆمۈر سىجاڭدىن بۇرۇنغا يەپ چې- كىنگەن قەشقەر ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى باشلىقى ياڭ چىمىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، قايتا قەشقەر ۋە يەكەندىن نۇرغۇن ئەسكەر توپلاپ، مارالبېشىنى ئالدىنقى سەپ بازا قىلىپ، تۇم- شۇقتا ئىستىھكام قۇرۇپ، تۆمۈر سىجاڭ قوشۇنىنى قاتتىق توسايدۇ.

بۇ يەردە قاتتىق ئۇرۇش بولىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ دۈشمەننى قىلچە مەنسىتمەي، بىر تەرەپتىن ناغرا - سۇناي چېلىپ، ئوغ- لاق تارتىپ، كۆكۆل ئاچىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇرۇش قىلىدۇ. ئاقسۇ، ئاۋات، توقسۇن، شايار تەرەپلەردىن، ھەتتا خو- تەن تەرەپتىن ئوبۇلقاسىم بەگ قاتارلىق كىشىلەر كېلىپ سەپ- كە قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياڭ چىمىڭ قىسمىدىن 30 چە مىللىي ئەسكەر قېچىپ تۆمۈر سىجاڭنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلىدۇ. تۆمۈر قوشۇنى بارغانسېرى زورىيىدۇ. بىر تەرەپتىن قەشقەر ۋالىيسى ماشاۋۇ ( ما دوتەي ) ئۇلۇغچات ھاكىمى چىڭ

تۇڭگانلىگىنى 200 قىرغىز ئەسكەرنى باشلاپ تۆمۈر سىجاڭنى يولىدا توسۇپ ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار مارالبېشى ئاچالغا كەلگەندە، تەرجىمان ئوسمان ئېلى (قىرغىز) قىرغىز ئەسكەرلىرىگە باشچىلىق قىلىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، چىلك تۇڭگانلىگىنى ئېتىپ تاشلاپ تۆمۈر سىجاڭغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. جەڭدە تۆمۈر ئېلى ياڭ چىمەن قوشۇنىنى يەنە تارمار قىلىپ، قەشقەرگە يۈرۈش قىلىدۇ. ياڭ ئەسكەرلىرى چېكىنىپ پەيزاۋاتقا كەلگەندە، ئۇلارنى دېھقانلار ئوركالتەك قىلىدۇ.

1933 - يىلى 3 - ئايدا، ئوسمان ئېلى باشچىلىقىدىكى قىرغىز ئەسكەرلىرى قەشقەر شەھرىگە ھۇجۇم قىلىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلىدۇ. ئوسمان ئېلى ئۆزىنى سىجاڭ دەپ جاكارلايدۇ.

1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تۆمۈر سىجاڭ قوشۇنلىرى ياڭ چىمەن ئەسكەرلىرىنى تارمار قىلىپ قەشقەر شەھىرىگە كىرىدۇ. ما دوتەي قەشقەر ھاكىمىيىتىنى ۋە دۆلەت خەزىنىسىنى تۆمۈر سىجاڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇچاغدا، ئۇزۇندىن بۇيان تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلغان تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى مازىخۇيمۇ قەشقەرگە كىرگەنىدى. مازىخۇي ئۆز قىسىملىرى بىلەن قەشقەر يېڭى شەھەرگە، ئوسمان ئېلى قىرغىز قىسىملىرى بىلەن يوملاق شەھەرگە ئورۇنلىشىدۇ. تۆمۈر ئېلى ۋالىي مەھكىمىسىگە ئورۇنلىشىدۇ. قەشقەر شەھىرىدىكى خەنزۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى ۋالىي مەھكىمىسىگە ئورۇنلىشىدۇ، تۆمۈر سىجاڭ ئۇلارنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالىدۇ. قەشقەردە قان تۆكۈلۈش بولمايدۇ.

تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردىكى مىللىي قىسىملارنى رەتلەگەندىن كېيىن، يارباغ دەرۋازىسىنىڭ تېشىدىكى تۈمەن دەرياسىنىڭ بويىدا چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ھەربىي كۆرەك ھېسابىدا مەشرەپ ۋە ئوغلاق تارتىشىش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرىدۇ. مازىخۇي باشچىلىقىدىكى تۇڭگان قىسىملىرى بۇنى ئۆزلىرىگە قارىتىلغان نامايىش دەپ قاراپ بۇنىڭدىن نارازى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىدە نورمالسىزلىق يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى شامەنسۇر (ئابدۇللا بەگ) باشچىلىقىدا قەشقەرگە كېلىدۇ ۋە بىرلەشمە ھاكىمىيەت قۇرۇش ھەققىدە تۆمۈر ئېلى بىلەن كېڭەشىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ: «مەن يېراق يەردىن ئۇرۇش ماسىپ غەلىبە بىلەن كەلدىم» دەپ ئۆزىگە تەمەننا قىلسا، شامەنسۇر تەرەپ تۆمۈرنى كۆزگە ئىلماي «ئوقۇمىغان ھارۋىكەشنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى، ئۇ چوڭ ئىشلارنى قىلالمايدۇ، شەھەرنى بوشاتسۇن...» دېگەن گەپلەرنى تارقىتىدۇ، تۆمۈر سىجاڭ بولسا زورلۇق كۈچ ئىشلىتىپ شامەنسۇر قىسىملىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ ، ساۋۇت داموللا، جانىبەك قازى، شامەنسۇر قاتارلىقلارنى قولغا ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى بولسا ئەسىر ھېسابىدا خوتەنگە قايتۇرۇۋېتىدۇ.

بۇ كۈنلەردە خوجىنىياز ھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ تۇغۇلۇپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەنىدى . خوجىنىياز ھاجى شىڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاق تۈزمەك بولۇپ، تۆمۈر قاتارلىقلارغا خەت يازىدۇ. خەت كۈچۈكىدىن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنى توقسۇنلۇق شېرئاخۇن دېگەن كىشى ئېلىپ كەلگەن. تۆمۈر ئېلى خەتنى

كۆرگەندىن كېيىن «شىڭشىسەي مېنىڭ ئاكام توختاخۇننى چاناپ ئۆلتۈرگەن، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولمايمەن، ماجۇڭيىنىڭ مۇسۇلمان، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشاق راۋا بولمايدۇ، مەن بۇ ئىشقا قوشۇلالمايمەن» دەيدۇ.

ئوسمان ئېلى بۇ خەتنى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تۆمۈر سىجاڭغا مەسلىھەت بېرىپ «يېڭىشەھەردىكى تۇڭگانلارنىڭ (مازىخۇيىنى دېمەكچى) پەيلى بۇزۇق، ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرايلى» دەيدۇ. تۆمۈر ئېلى بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ ئىختىلاپ تۇغۇلىدۇ.

مۇشۇ مەزگىلدە تۆمۈر ئېلىنىڭ ئاتىسى ئەھمەت ھاجىم ھەرەمدىن قايتىشىدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھىندىستاندىن تۆمۈر ئېلىغە يازغان خېتىنى ئېلىپ كېلىدۇ. خەتتە: «بىز دوست بولايلى، 10 ـ 20 مىڭ قورال ياكى ئادەم كۈچى لازىم بولسا بېرەيلى» دېيىلگەن. تۆمۈر سىجاڭ بۇ خەتنى كۆرۈپ: «ناسارالاردىن ياردەم تىلىگىچە ئاللادىن نۇسرەت تىلەيمەن» دەپ ئۇ خەتكە ئېتىبارسىز قارايدۇ.

تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئاتىسى ھەرەمدىن كېلىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، تۆمۈر سىجاڭ، ئۇنىڭ دادىسى باشلىق مۆتىۋەرلەرگە ۋە ھەربىيلەرگە سوۋغا تەقدىم قىلىدۇ ھەم ئىتتىپاق تۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. تۆمۈر ئېلى: «بولشېۋىكلار بىزنىڭ بۇخارا شەھىرىنى ۋەيران قىلغان تۇرسا، بىز قانداقمۇ ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق بولىمىز...» دەپ بۇ تەلەپنىمۇ رەت قىلىدۇ.

يەنە، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئوقۇغۇچىلارنى ئادەتتىكى

قائىدە بويىچە يېڭىشەھەرگە مازىرىغا سالام بېرىشكە ئېلىپ چىقى-
دۇ. تۆمۈر سىجاڭ: «نېمە ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنى تىزگىنلار ئالدى-
غا ئېلىپ چىقىدۇ» دەپ كايىيدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەشقەرنىڭ
بەزى ئابرويلۇق كىشىلىرى «تۆمۈر سىجاڭ يارىماسىز، بىلمە-
سىز، مەنمەنچى كىشى ئىكەن، قەشقەرنى بىر ھارۋىدىكە شىكە
تارتتۇرۇپ قويدۇق...» دېگەندەك سۆزلەرنى تارقىتىدۇ.
نە تىجىدە، تۆمۈر سىجاڭ ئىتتىپاقداشلارنىڭ ھەممىسىنىچە تىكە
قىقىپ ئۆزىنى يېتىم قالدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەنگلىيە،
سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قوللىشىدىن مەھرۇم بو-
لىدۇ. مازىرىي تۈزگان قىسىملىرى، قىرغىز ئوسمان ئېلى
قىسىملىرى ۋە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم باشچىلىقىدىكى نوپۇز-
لۇق كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. ئۇ پەقەت قارا
كۆچكە تايىنىپلا ئىش كۆرمەكچى بولىدۇ، ئەمما تىنەپ قالىدۇ.
دەل مۇشۇ پەيتتە، ئۇنى بىخۇتلاشتۇرۇش ئۈچۈن ماجۇڭيىڭ
دۇنىڭغا سىلىنگلىق ئۇنۋانىنى بېرىدۇ ۋە سىلىنگلىق تامغىسى-
نى تاپشۇرىدۇ. بىر كۈن تامغا تاپشۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈ-
زۈلۈپ، ئاتلىق ئەسكەرلەر تامغىنى كۆتۈرۈپ شەھەر ئايلىنى-
دۇ ھەمدە كاتتا زىياپەت بېرىلىدۇ. شۇ كۈندىكى زىياپەتتە
تۆمۈر سىجاڭدىن يېڭىلگەن كونا ئەسكەرلەردىن ياڭ چىمىنۇ
بىللە بولىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ تۆمۈر ئېلى سىلىنىڭ مەنسىپى
بىلەن بىخارامان ئولتۇرىدۇ، تۈزگان قىسىملىرى بولسا ئۆز
ئىشىغا پۇختا بولىدۇ.

ئوسمان سىجاڭ بولسا يەنىلا تۈزگانلارنى قوراللىسىز-
لاندۇرۇش تەلىپىدە چىڭ تۇرىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ بۇنىڭغا
قوشۇلمايدۇ ۋە ئوسمان ئېلىغا قەشقەردىكى ھاكىمىيەت تەركى-

بىدە مەمۇردى ھوقۇق ـ مەرتىۋە بەرمەيدۇ. ئوسمان ئېلى بۇ-
نىڭدىن رەنجىپ، تۆمۈر سىجاڭنىڭ بىر قانچە ئەسكىرىنىڭ
ئات ۋە قوراللىرىنى بۇلاپ تاغقا قېچىپ كېتىدۇ. ئۇ تاغقا
قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، تۆمۈر سىلىڭ ھامۇتخان لۈيجاڭ
ۋە مازىخۇيغا ئوسمان ئېلىنى قوراللىسىزلاندۇرۇش توغرىسىدا
بۇيرۇق بېرىدۇ ھەمدە باشقىلارنىڭ توسۇشىغا ئۇنىماي ئە-
تىسى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىغان تۇڭگان يوكۇۋېنگىنىنى ئۆلتۈرىدۇ.

1933 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تۆمۈر سىلىڭ ئوسماننى
قوغلاپ چىققان قىسىملارنىڭ ئارقىسىدىن ماشىنا بىلەن لەڭگەرگە
چىققاندا، توغراق مازار دېگەن يەردە يولنىڭ ئىككى تەرە-
پىدە تۇرغان 200 دىن ئارتۇق ئاتلىق تۇڭگان ئەسكەرلىرى
دەسلەپتە قارشى ئالىدۇ، ئەمما تۆمۈر سىجاڭ ماشىنىدىن چۈ-
شۈپ ئۇلارغا كايىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۇڭگانلا
تۆمۈر ئېباي، زائىر قازاق، ئىمىن پالۋان، ئىبراھىم قارى
شوپۇر ساۋۇت ئاخۇن قاتارلىق بەش كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ،
تۆمۈر سىلىڭنىڭ بېشىنى كېسىپ قەشقەرگە ئېلىپ كېلىدۇ. تۆ-
مۈر سىجاڭنىڭ قەشقەردىكى ھاياتى ۋە ھوقۇق تۇتقان ۋاقتى ئا-
ران 97 كۈن داۋام قىلىدۇ.

# قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي قول سانائىتى

**ئەكبەر مەتتەمىن**

## ئۇزاق تارىخى

قەشقەر ئەزەلدىن بۇيان قول سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى، مەھسۇلاتلىرىنىڭ نەپىس چىداملىقى بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا، ھەتتا پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا داڭلىق. قول ھۈنەر بۇيۇملىرى قەدىمكى يىپەك يولى ئۈچۈن ئاجايىپ بىر تۈس قوشۇپلا قالماستىن، بەلكى رېئاللىقنى ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئىشلاردىمۇ تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان رولى بار.

يەر - جاي ناملىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى جەريانىدا بىز شۇنى بايقىدۇقكى، قەشقەر شەھىرىدىكى نۇرغۇن جايلارنىڭ قەدىمكى ناملىرى قول سانائەتنى ئالاھىدە ئالامەت قىلىپ قويۇلغان. مەسىلەن: چاسا كوچا باشقارمىسىغا تەۋە ئەبرىشىمكار كوچىسى، شامچى كوچىسى، قازانچى يار بېشى كوچىسى، بورىچى كوچىسى، كوزىچى يار بېشى كوچىسى؛ يارباغ كوچا باشقارمىسى تەۋەسىدە، زەيتاپ كوچىسى، دوپپا - تۇماق بازىرى كوچىسى، زەرگەرلەر كوچىسى، زىلچى كوچىسى، ئەگلەك بازىرى كوچىسى؛ قۇمدەرۋازا كوچا باشقارما تەۋەسىدە، تاش بازىرى كوچىسى، ياغچى كوچىسى، چەكمەنچى كوچىسى، جىڭچى كوچىسى، تاغاچى كوچىسى،

كوداك (ئەسلىدە «كۈدۈكچى» ئىدى، كۈدۈك — خام، ماتا سوقىدىغان توقۇماق، «كۈدۈكچى» — خام سوققۇچى مەنىسىدە، «كېدۈكچى» كېيىن كوداكقا ئۆزگەرگەن) كوچىسى، موفاك كوچىسى؛ ئۆستەڭبويى كوچا باشقارما تەۋەسىدە ياغاچچى كوچىسى؛ شەھەر ئەتراپى رايونلاردىن نەزەرباغ يېزىسىغا تەۋە كۆنچى مەھەللىسى، چوتاچى مەھەللىسى؛ شامالباغ تەۋەسىدە، چۆيۈنچى مەھەللىسى، تۇماقچى مەھەللىسى، كىگىزچى مەھەللىسى، سەركىچى مەھەللىسى، ئوقچى مەھەللىسى قاتارلىقلار بار.

قەشقەرنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىنى كۆز دىتىپ كۆرىدىغان بولساق، تېخىمۇ كۆپ پاكىتلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارغا ئاساسلانغاندا، قەشقەرنىڭ قول سانائىتىنى بۈگۈندىن 5 - 6 مىڭ يىل بۇرۇنقى يېڭى تاش قورال دەۋرىگىچە ئىلگىرى سۈرۈپ بارغىلى بولىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قەشقەر شەھىرىگە تەۋە رايونلاردىكى تاش ماللار بىلەن ۋىلايەتلىك ئىككىنچى ترانسپورت شىركىتى تۇرۇشلۇق ئورۇندىن، شۇنداقلا شەھەرگە يىراقراق يېزا ئاخانۆي قەدىمكى شەھەر خارابىسى بىلەن ئوپال ئەتراپىدىن تېپىلغان زور تۈركۈمدىكى تاش پىچاق، تاش ئوغاق، تاش پالتا، ھاۋانچا شەكىللىك تاش يارغۇنچاق، يىپ ئىگىرىدىغان تاش چاقپىلەك، تۇلۇق تاش قاتارلىقلار، شۇنداقلا ساپال ساينالىرىدىن خۇمۇر، كومزەك، تەشتەك، كۈپ، ئىستاكان قاتارلىقلار بار.

ۋېي، جىن سۇلالىلىرى مەزگىلىدە، قەشقەرنىڭ پاختا توقۇمىچىلىقى، يىپەك توقۇمىچىلىقى قاتارلىق قول سانائەت ئىشلىرى خېلى تەرەققىي قىلغان، يۇڭدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلات ۋە

مىس، تۆمۈر، قەلەي مەھسۇلاتلىرى چىققانىدىن باشقا، يەلە ئۈ-
زۈم چىققاچقا ئىچىمتقۇچىلىق كەسپىمۇ خېلى ئەۋج ئالغان.

ۋېي، جىن سۇلالىرىدىن تارتىپ جەنۇبىي، شىمالىي سۇلا-
لىلارغىچە، سۇلىيلىقلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن خېلى بىر تۈركۈم
تۆمۈردىن ياسالغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ۋە بىر قىسىم
ئىلغار تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى كىرگۈزگەن. بۇ يەردە چى-
قىدىغان «سۇلې كىمخابى» غەربىي دىياردا، ھەتتا ئىچكى جاي-
لاردىمۇ خېلى شۆھرەت قازانغان، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كې-
يىن تۇرپاندا يەر ئاستىدىن «سۇلې كىمخابى» نىڭ پارچى-
لىرى تېپىلدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكە لگەندە قەغەزچىلىك
تېخنىكىسىمۇ ئىچكى جايلاردىن قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن.

قاراخانىلار سۇلالىسى مەزگىلىدە (840 - 1211-يىللار)
ئۇيغۇرلار ۋە تۈرك مىللەتلىرى زور كۆلەملىك كانچىلىق،
توقۇمىچىلىق، قەغەزچىلىك، ئەينەك، كۇلالچىلىق قاتارلىق
ھەر خىل قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغان،
ئوردۇ كەنت – قەشقەردە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. سە-
مەرقەنت، بۇخارا، قەشقەر، خوتەنلەر قاراخانىلارنىڭ توقۇ-
مىچىلىق سانائىتى مەركەزلىرى ئىدى. بۇ جايلاردىن چىققان
مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى ياخشى بولغاچقا، دۆلەت ئىچكى بازار-
لىرىنى تەمىنلىگەندىن سىرتىدا، سىرتقى ئەللەرگىمۇ چىقىرى-
لاتتى. قەشقەرنىڭ رەخت توقۇش، يىپەك ئىشلەش، گىلەمچى-
لىك، بوياقچىلىق قاتارلىق سانائىتى گۈللەنگەن. مەھمۇت
قەشقەرى ئۆزىنىڭ داڭدار ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا
شۇ چاغدىكى قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى، تۈرلىرىنىڭ
60 نەچچىدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى-

مەسىلەن: ئېر (ئۈشكە)، ئاماچ (ياغاچ ساپان)، ئېدىش، ئۇلۇق (ئۇلاق)، ئاشۇق (تۆمۈر قالپاق، دۇبۇلغا)، ئەتۈك (ئۆتۈك)، ئۈتۈك (دەزمال)، ئەرۈك (تېرە ئاشلىغۇچ)، ئۇلۇن (باشاقسىز ئوق)، ئىغۇرىق، ئىزلىق (چورۇق)، ئۆكسەك (ئالتۇن، كۈمۈش هالقا)، ئورغاق، ئەگدۈ (ئۇچى ئەگرى پىچاق، قىلىچ قىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئويۇشقا ئىشلىتىلىدۇ)، ئۇلاتۇ (بۇرۇن ئېيتىلىدىغان يىپەك قولياغلىق، قويۇندا ساقلىنىدۇ)، قارس (يۈك چەكمەن چاپان)، كىزىز (كىگىز)، كىۋىز (گىلەم)، شۈتۈك (مۈڭگۈزدىن ياسالغان دۈۋەت)، كۆنەك (ئىغۇرىق)، بىشىك (بۆشۈك)، چوزىن ئاشىچ (مىس قازان)، تاغار، كەركە (كەكە)، كۆركە (ياغاچ تاۋاق)، چەكرەك (يۈك تون چاپان)، كۆيدە (ئالتۇن، كۈمۈش ئېرىتىدىغان بوتا)، سوقۇ (سوقا، هاۋانچا) قاتارلىقلار.

غەربىي لياۋ سۇلالىسى مەزگىلىدە (مىلادى 1138 ـ 1218 ـ يىللارغىچە)، قەشقەرنىڭ پاختا توقۇلما مەھسۇلاتلىرىنى سىلىق ۋە قوپال راق دەپ ئايرىشقا بولاتتى. يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرىدىكى چوڭ نەتىجە شۇ ئىدىكى يەرلىك رەڭ ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە «ئەتلەس» ئاللىبۇرۇنلا بارلىققا كەلگەنىدى.

يەكەن خانلىقى مەزگىلىدە (مىلادى 1514 ـ 1678 ـ يىلغىچە)، قەشقەر قاتارلىق جايلار ئارقا ـ ئارقىدىن مېتال تاۋلاش مەزگىللىرىگە ئايلانغانىدى. ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، مەسىلەن: كەتمەن، ئوغاق، تۆمۈر گۈرجەك، ساپان قاتارلىق سايمانلاردا گەرچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان

بولسىمۇ، لېكىن سانى ئومۇمىيۈزلۈك ئاشقان. مېتاللار دېھقان-
چىلىق سايمانلىرى ياساشقا ئىشلىتىلگەندىن باشقا يەنە باش-
قا ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغىمۇ ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن:
ھەرە، ئۈشكە، رەندە، پالتا، تۈگمەن ئوقى، مىخ، چۆيۈن قا-
زان، تاغار-ناھال، شۇنداقلا قىلىچ، نەيزە، خەنجەر، ئوقيار
ئوقى قاتارلىق سوغۇق ياراقلار، چاقماقلىق مىلتىق، چاچما ئوق
قاتارلىق ئوتلۇق ياراقلارنى ياساشقا ئىشلەتكەن. بۇ مەزگىل-
دە، باپكارلىقمۇ ئەڭ تەرەققىي قىلغان كەسىپلەرنىڭ بىرى.
قول بىلەن توقۇلغان «بۆز خام» نىڭ شۇ چاغدىكى ئاساسىي
ئىستېمال سودىسىدا ۋە ئەمەلىي تۇرمۇشتا پۇلغا ئوخشاش نو-
پۇزى بولۇپ قالغانىدى. تاۋارلارنىڭ ئالدى-ساتتىسىدا باھامۇ شۇ
خامغا سۇندۇرۇلۇپ ھېسابلىناتتى. مۇشۇ مەزگىلدە قول بىلەن
توقۇلغان رەختلەر ئۆرۈش - ئاقاقلىرىنىڭ زىچلىقى ۋە ھۆنە-
رىنىڭ سىلىقلىقى ئۆلچەم قىلىنىپ، تۆت دەرىجىگە ئايرىلات-
تى. بىرىنچى دەرىجىلىكى «چەكمەن»، ئىككىنچى دەرىجىلىكى
«تولىما»، ئۈچىنچى دەرىجىلىكى «ماتا»، تۆتىنچى دەرىجىلىكى
«بۆز خام» دەپ ئاتىلاتتى. «بۆز خام» ھەم قول بىلەن توقۇل-
غان رەختلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتالمىسى ئىدى. قەشقەر مۇشۇ
مەزگىلدىكى «بۆز خام» نىڭ ئاساسلىق توقۇلىدىغان جايى ئى-
دى. يەككە ئادەم ئىشلىتىدىغان توقۇش دەستگاھى ئورنىتىل-
غان دۇكانلار ئومۇملاشقان.

قول سانائەتنىڭ ئۆزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ،
ئىشخانىلارنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى ئوتتۇرىغا چىقىشقا باش-
لىدى. بۇ ئىشخانىلار ئەڭ دەسلەپ قول سانائەت ئاساسەن بىر
قەدەر مەركەزلەشكەن جايلاردا بارلىققا كېلىشكە باشلىغان، ئەڭ

بىرۋون بىر شەكلىنى قوللانغىنى كانچىلىق ، قورال - ياراق ،
رەخ توقۇش، كۆن - خروم، زاپچا - گىلەم توقۇش قاتارلىقلار
ئىدى. ئىشخانىلاردا ھەمىشە بىردىن تارتىپ بىر نەچچىگىچە
ئىمكارلار بولۇپ، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى ئەڭ دەسلەپكى يال-
لانمىلىق مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

مىڭ يىللىق دەۋردە قەشقەردىن چىقىدىغان تاۋار -
دۇردۇنلاردىن «خۇكىمخابى»، «جەۋھەرى گۈل»، «ئاق پاختا»،
«قىزدىل شايى»، «ساددا گۈللۈك ياغلىق» قاتارلىق يىپەك رەخت-
لەر ھەر قايسى جايلاردا كەڭ تارقالغانىدى. 1959- يىلىدىن
كېيىن، قەشقەر رايونىدا تېز ئۆسۈپ بىنام ئۆزلەشتۈرۈش پا-
ئالىيەتلىرىدىنىڭ ئىلگىرى سىلجىشى بىلەن تۆمۈردىن ياسالغا
دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىنىڭ ياسىلىشى كۆپەيدى ۋە ياخشىلا
دى. قەشقەرنىڭ ئالاھىدە تەبىئىي ئامىلى سەۋەبىدىن سوقۇل
غان كەتمەنلىرىمۇ چوڭراق، ئېغىرراق، تۆپىغا چوڭقۇرراق ئول-
تۇرىدۇ؛ كەتمەنىنىڭ شەكلىمۇ يۇمىلاقراق، ئوغاقنىڭ بىسى تە-
رىپىمۇ سەل تارراق، يەڭگىل، پەقەت سەل - پەل ئېگىلگەن.
ساپانىنىڭ چىشىمۇ ھەجىمى كىچىك، يەڭگىل، تۆپىغا ئولتۇ-
رۇشىمۇ تېيىزرەك ئىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، قەشقەرنىڭ
تۆمۈرچىلىكى تولىمۇ گۈللەنگەن باسقۇچقا يەتكەن. 1841 -يىد-
لى قەشقەردە كىتاب بولۇپ پۈتكەن «كىتابى غېرىدىپ» ناملىق
داستاندا كۆرسىتىلگەن شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قول سانا-
ئىتىدىكى بىر قانچە كەسىپلەر ئىچىدە تۆمۈرچىلىك بىرىنچى
ئورۇنغا قويۇلغان. شۇ مەزگىلدە بىر يەردە تۆمۈرچىلىك قىلى-
غان ئۇستىلار ئۆزلىرى ياسىغان سايمانلارنىڭ ئۈستىگە ئى-

سەھەرلىرىنى ۋە يېزىلىرىنى ئويۇپ چىقىرىپ، ئىشلىگەن مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەنچىلىك، سىپەتلىكلىكىنى كۆرسىتەتتى. بۇ مەزگىلدە تۆمۈرچىلىكىنىڭ مەھسۇلات خىللىرى ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ باردى. رەڭگى، سورتى ئۆزلۈكسىز كۆپەيدى. قولى ئەپلىك ئۈستىلار ياساپ چىققان نەرسىلەرنىڭ كىچىكلىرى يىڭنە مىخ، بېگىز، ئۈستىرا، پىچاق، ئوق باشقى، قايچا، قىرلىپ، تاقا ـ ناھال، زىخ، رەندە، كەكە قاتارلىقلار بولغان بولسا، چوڭلىرى قىلىچ، نەيزە، تۆمۈر ئوق، ئوۋ مىلتىقى، ئوتلۇق قوراللار، قازان، ئاشخانا سايمانلىرى، شۇنىڭدەك دېھقانچىلىققا لازىملىق ھەر خىل قوراللار ئىدى. چىنىڭ سۇلالىسى دەۋرىيەنە قەشقەرنىڭ يەرلىك ماتا ئىشلەپچىقىرىشىدا كۆللەپ ياشنىغان مەزگىل بولدى. شەھەر ئەتراپىدىكى خانىقۇدۇق ۋە پەيزاۋات ئەتراپلىرى يەرلىك ماتا ئىشلەيدىغان ئاساسلىق جايلار بولۇپ قالغان. قەشقەرنىڭ يەرلىك ماتاسى شۇ يەرنىڭ ئاساسلىق ئېكسپورت ئەشياسى بولۇپ، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 ـ 20 مىڭ توپ يەرلىك ماتا روسىيىگە ئېكسپورت قىلىناتتى. ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى ئىمپورت قىلىنغان تاۋارنىڭ ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئۈچ ھەسسىدىن كۆپرەككە يېتىپ، روسىيە قەشقەرگە توشۇپ كېلىپ ساتقان پاختا توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ سەككىز ھەسسىسىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى.

19 ـ ئەسىردە، قەشقەرنىڭ قول سانائىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغىنى توقۇلغان يەرلىك ماتا، كىيىم-كېچەك جىياگۈك قىلىش، باش ـ ئاياغ كىيىم، گىلەم ـ پالاس توقۇش ۋە يىپەكچىلىك ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇردىغىنى مېتال بۇ-

يىپلىرى ياساش، ياغاچتىن ئۆي جاھازلىرىنى ياساش ۋە باشقا ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملار، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە بىر قىسىم قورال - ياراق ياساش، كۆن-خۇرۇمچىلىقتىن ئىبارەت ئىدى. قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن يەرلىك ماتا ۋە كىيىم-كېچەك مەھسۇلاتلىرى سىرتقا سېتىلغانلىرىدىن باشقا قالغان مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز جايىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايتتى.

يېقىنقى دەۋرگە كەلگەندە قەشقەرنىڭ قول سانائەتچىلىكى كۆلەمدە راۋاج تاپتى. كەسىپلەردىن ئاساسلىقى توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق، ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساش، كۆن - خۇرۇمچىلىق، موزدۇزچىلىق، ئۇششاق مېتال بۇيۇملىرى ئىشلەش (جۈملىدىن تۆمۈرچىلىك، قىيىمچىلىق، مىسكەرچىلىك تۈنىكىسازلىق كەسىپلەر)، كۇلالچىلىق، ياغاچچىلىق (جۈملىدىن ئۆي جاھازلىرىنى ياساش، قىرغۇچىلىق، قاسقانچىلىق قاتارلىقلار)، توقۇمىچىلىق (جۈملىدىن زىلچە - گىلەمچىلىك، تاغارچىلىق قاتارلىقلار)، كىگىزچىلىك، گۈل بېسىش، تىغلىق سايمانلارنى ياساش (جۈملىدىن پىچاق، ھەرە ياساش قاتارلىقلار)، ئۇلاغ جابدۇقچىلىق، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ياساش، باش كىيىم تىككۈچىلىك، كەشتىچىلىك، كىيىم-كېچەك تىككۈچىلىك، مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن كەسىپلەر بار. مەسىلەن: سوپۇنچىلىق، شامچىلىق، گۈگۈتچىلىك، ناۋاتچىلىق (جۈملىدىن ناۋات، ئەدرەك، زۇماتاك قاتارلىقلارنى ياساش)، شۇنداقلا ئويمىچىلىق قاتارلىقلار بار.

بۇ مەزگىلدىن كېيىن، ئىچكى رايونلار ھەمدە ئوتتۇرا

ئاسىيا رايونى زامانىۋى سانائەتنىڭ قەشقەر بازارلىرىغا بەر-
گەن زەربىسىگە ئەگىشىپ ئۆز رايونىمىزنىڭ بەزى قول سانائەت
مەھسۇلاتلىرى ئاستا - ئاستا شاللىنىپ كېتىشكە باشلىدى.
ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە قەشقەر شەھىرى
ئىچىدە بىر نەچچىلا يەرلىك ماتا توقۇيدىغان ئىشخانىلار تا-
قىلىپ قالغان، توقۇغان يەرلىك ماتالاردىن چەكمەن، خام،
چوتا، شاتىۋا ھەمدە بەقەسەم قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ مەھسۇلات-
لارنىڭ يەنىلا مۇئەييەن بازىرى بولۇپ، بىر قىسمى ئۆز را-
يونىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىن باشقا يەنە شىنجاڭنىڭ
ھەر قايسى جايلىرىغا ئاپىرىپ سېتىلاتتى، خەلقمۇ ئىشلىتەتتى،
ھەربىيلەرمۇ ئىشلىتەتتى. 1954- يىلى قەشقەر شەھىرىدە 427
ئادەم يەرلىك ماتا توقۇش بىلەن شۇغۇللىناتتى، كېيىنچە خام
ئەشيا يېتىشمەسلىك، شۇنداقلا خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ
ئۆسۈشى بىلەن يەرلىك ماتا زاۋۇتتا توقۇلغان رەختكە ئورۇن
بەردى. 1954 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە بوياقچىلىق كوپې-
راتىپى قۇرۇلغان، 50 دىن ئارتۇق ئادەم ئىشلەيتتى، ئاسا-
لىقى سودا ئورۇنلىرى ۋە توپ تارقىتىش ئورۇنلىرى ئۈچۈن
ماتا بوياپ بېرەتتى. 1959 - يىلىغا كەلگەندە بوياقچىلىقمۇ
ئىش توختاتتى. قەشقەر شەھىرىنىڭ سوپۇنچىلىقى، شامچىلىقى ۋە
گۈگۈت ياساش كەسىپلىرى كەڭ كۆلەملىك سانائەت سوپۇنلىرىنىڭ،
شاملىرىنىڭ، قاپلىق گۈگۈتلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى بىلەن قەدەممۇ-
قەدەم يوقىلىشقا باشلىدى. لېكىن بەزى قول سانائەت كەسىپلىرى
خەلقنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈ-
شىگە ئەگىشىپ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. مەسىلەن: مىل-
لىي باش كىيىملەر، كىيىم-كېچەك، مىللىي چالغۇ ئەسۋابلار،

ئالتۇن ـ كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى، گىلەم، رەشمىيە بۇيۇملىرى، ساپال بۇيۇملىرى، مىس بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنىڭ رەڭگى ۋە تۈرى ھەممىشە يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ ھەم قەشقەرنىڭ قول سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ سەر خىللىرىدىن بولۇپ قالدى.

## ئاساسلىق قول سانائەت بۇيۇملىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

**دوپپا:** قەشقەرنىڭ كەشتىلەپ تىكىلگەن دوپپىسى شىنجاڭ قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئالدى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، يالغۇزلا كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى مۇھىم زىننەت بۇيۇمى بولۇپلا قالماستىن، ئېزىز مېھمان، قەدىردان دوستلارغا تەقدىم قىلىدىغان قىممەتلىك سوۋغىدۇر. خاتىرىلىنىشىچە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە «ئالتە تالالىق زەر زىغزىقلىق دوپپا» بار ئىكەن؛ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «ئالتە بۇرجەكلىك دوپپا» ــ ئالتە پارچە ماتېرىيال قوراشتۇرۇلۇپ تىكىلگەن دوپپىنى كۆرسىتىدۇ. كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنت، ئەنجان قاتارلىق جايلارنىڭ دوپپا نۇسخىلىرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىپ ھازىرقى نۇسخىنى قەدەممۇ ـ قەدەم شەكىللەندۈرگەن.

قەشقەر دوپپىلىرىنىڭ تىكىلىشى تولىمۇ سىلىق، تۈرلىرىمۇ كۆپ، گۈللىرى ئۆزگىرىشچان، گۈل نۇسخىلىرى ھەر خىل، ھەر ياڭزا، ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ ئېسىللىكىنى تولۇق كۆرسەتكەن. ئاساسلىق تۈرلىرىدىن: چىمەن دوپپا (چىمەن تاشكەن دوپپىمۇ دېيىلىدۇ)، يېشىل ئۈستىگە ئاق گۈل تىكىلگەن،

سىدام ناكۆركەم، كىردىست(+) نى ئاساسىي غول قىلىپ ئۈستى-
گە چېمەنگۈلنىڭ گۈل شاخلىرى تىكىلگەن، گۈللىرى شاخچىلار
ئارقىلىق بىر - بىرىگە ئۇلانغان ياكى سىزىق ئارقىلىق ئاي-
رىۋېتىلىپ كۆپلىگەن ئوك-تەتۈر ئۈچ بۇرجەكلەرنى ۋە رومبا-
ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن، چاك سىزىقلار ياكى چەكمە سىزىق-
لاردىن تىكىلگەن تېگى گۈللىرى ئاساسىي گۈللەر بىلەن ئۆز
ئارا تولۇقلىنىپ، كۈچلۈك بېزەك ئۈنۈمىنى بېرىدۇ.
بادام گۈللۈك دوپپا: بۇ دوپپىنىڭ ئۈچ تۈرى بار، يەنى چۆ-
چۈرە بادام دوپپا، تور بادام دوپپا، جىگۈلى بادام دوپ-
پىدىن ئىبارەت. بۇ دوپپىنىڭ تىكىلگەن گۈل نۇسخىلىرى،
شەكلى سەل ئۆزگەرگەن ياكى سەل قوشۇلغان بادام مېغىزىغا
ئوخشايدۇ، گۈل سىزىقلىرىنىڭ قىياپەت شەكلى خىلمۇ خىل
ھەم مول، جانلىق ئۆزگىرىشچان، تولاراق تېگى قارا، گۈلى
ئاق، ھەيۋەت كۆركەم كېلىدۇ. مامپۇ گۈللۈك دوپپا: بۇ دوپ-
پىنىڭ چوققا قىسمىغا سىزىقچىلىرى ماس كەلگەن تۆت گۈرۈپپا
يۇمىلاق گۈل تىكىلگەن، چۆرىسىدە تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك
ياكى يۇمىلاق شەكىللىك ماس سىزىقچىلاردىن تەركىب تاپقان
تۆت گۈرۈپپا گۈلى بار، گۈل نۇسخىسى ھەر خىل رەڭدىكى ھە-
شۇت يىپتىن تىكىلگەن، ياڭزىسى ئازادە، جانلىق. گىلەم دوپ-
پا: خۇددى گىلەم تىنۇدىنگە ئوخشاش قىلىپ رەڭمۇ رەڭ گۈل
بەرگىلىرى ۋە گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەر تىكىلگەن مارجان دوپ-
پا، قىز-چوكانلارنىڭ ياقتۇرۇپ كىيىدىغان دوپپىلىرىنىڭ
بىرى. ئۈستىگە رەڭمۇ رەڭ يۇمىلاق، ياپىلاق مارجانلاردىن
ھەر خىل، ھەر ياڭزىدىكى گۈل نۇسخىلىرى قويۇلغان. گۈللى-
رى بەئەينى سۈپسۈزۈك شەبنەم سۈيى چۈشكەن يېڭى گۈلگە

ئوخشايدۇ. زەر دوپپا: قەشقەردە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە دوپپا، ھەم كۆپرەك چوكانلار، ئاياللار ياقتۇرىدىغان دوپپا. ئىشتىرولۇق گۈل نۇسخىسى رەڭگو رەڭ پارقىراق نۇرىنى چاقنىتىپ، كۆرگەنكىشىنى خان - ئېسىل زادىلار زاتىدىنمى-كىن دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ. ئاق دوپپا: ئەرلەر ئەتى-ياز، ياز، كۈزدە ھەمىشە كېيىدىغان ئاق سۈزۈك رەخ دوپپا، ئۈستىدە قارا يىپ ياكى رەڭلىك يىپتىن تىكىلگەن نۇشقاق گۈلى بار، چاققان، ھۈزۈرلۈق، سالقىن دوپپا. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە سەللە دوپپىسى، تور دوپپا، تەتىللا دوپپا، ئالتۇن قاداق دوپپا قاتارلىق دوپپا نۇسخىلىرى بار.

قەشقەر دوپپىسى ھازىر تەرەققىي قىلىپ چەت ئەللىك-لەرنىڭمۇ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن ساياھەت خاتىرە مەھ-سۇلاتلىرىدىن بولۇپ قالدى. 1983-يىلى، بېيجىڭدە ئۆتكۈ-زۈلگەن مەملىكەتلىك ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى باھالاش يىغىنىدا، قەشقەر نەپىس - سەنئەت كارخانىسى ئىش-لىگەن چىمەن دوپپا ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات بولۇپ باھا-لاندى؛ شۇ يىلى مەزكۇر دوپپا مەملىكەتلىك مىللىي بۇيۇملارنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش يىغىنىدا دۆلەتلىك يېنىك سانائەتمى-نىستىرلىكى تەرىپىدىن مىللىي مەھسۇلاتلار ئىچىدە ئەلا سۈپەت-لىك بولۇپ باھالىنىپ دۆلەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېت تار-قاتقان «ئالتۇن ئەجدىھار» گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشكەن.

**كەشتىچىلىك**: ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى قولىغا يىپ - يىڭنە ئېلىپ كەشتە تىكىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئەن-ئەنىۋى ئادىتى بار. قەشقەر شەھىرىدە ئىشلەنگەن كەشتە بۇ-يۇملىرىنىڭ ھۈنىرى ساز، كۆپلۈك بەدىئىيلىككە ئىگە. مەھ-

سۇلات تۇرلىرى جەھەتتىن دوپپىغا گۇل كەشتىلەشتىن باشقا كىيىم - كېچەككە رىشلىيە ئىشلەش بار، جۈملىدىن كانىۋاي تون، كانىۋاي يوپكا، كانىۋاي كۆينەك، كانىۋاي ئىچكۆينەك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كىيىم - كېچەكلەرنىڭ گۇل سىزىقچىلىرىنىڭ گۇل نۇسخىسى رەڭمۇ رەڭ، مول بولۇپ يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىر قەدەر تولۇق. رىشلىيە ئىشلەنگەن ياستۇق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىدە كەم بولمايدىغان مۇھىم بۇيۇم. ئۇ يالغۇزلا ئۆي ئىچىنى زىننەتلەشكە لازىملىق تىزما بۇيۇم بولۇپلا قالماستىن، يەنە يېڭى توي قىلغان قىزلارنىڭ توي جابدۇقلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. گۇل ئىشلەنگەن روماللار، جۈملىدىن ئەرلەرنىڭ بەلبېغى، كانىۋاي چاسا ياغلىق، كانىۋاي داسقان، جايناماز، كانىۋاي قول ياغلىق قاتارلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى رەڭگارەڭ گۇل بەرگىلىرى نۇسخىسى ۋە گېئومېتىرىيىلىك سىزىقچىلار رەڭلىك ياكى ساددا يىپ بىلەن تىكىلگەن، بۇلار ئائىلىلەردىكى مۇھىم لازىمەتلىك بۇيۇملار. رىشلىيە ئىشلەنگەن پەردىلەردىن كىيىم ياپقۇ، مەرەپ ياپقۇ، ئىشىك - دېرىزە پەردىسى، كارىۋات ياپقۇ، كارىۋات چۆردىسى قاتارلىقلارنى كەشتىلىگەندە ئادەتتە تەكشى كەشتىلەش، يۆمەپ كەشتىلەش، كىرىست شەكلىدە كەشتىلەش، ئىلمەپ كەشتىلەش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئاستىنقى تەرىپىنى ھەر خىل گۇل نۇسخىسىدا كەشتىلەپ چىقىدۇ، بەزىلىرى دەل ئوتتۇرىسىغا ياكى تۆت بۇرجىكىنىڭ ئىچى تەرىپىگە رەڭ ئورۇنغا رەڭلىك يىپ بىلەن گۇل بەرگى، قۇش، كېپىنەك قاتارلىقلار سىممېتىرىيىلىك ھالدا كەشتىلەنگەن، بۇ نەرسىلەر ئۆي ئىچىدىكى مۇھىم بېزەك بۇيۇملىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**زىننەت بويۇملىرى:** زىننەت بويۇملىرى ئۇيغۇر ئا-
ياللىرىدىن ھەممەيلەن تەييارلاش زۆرۈر بولغان زىننەت بو-
يۇمى. زىننەت بويۇملىرىنى ياساش ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قە-
دىمكى ئەنئەنىۋى ھۈنەرلىرىنىڭ بىرى. قەشقەر شەھىرىدە
ياسالغان زىننەت بويۇملىرىنىڭ قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىكى
بار. بۇ ئالتۇن-كۈمۈش زىننەت بويۇملىرىنىڭ تاۋلاش، قې-
لىپقا ئېلىش، گۈل چېقىرىش، پارقىرىتىش قاتارلىق مۇھىم
ئىش تەرتىپلىرى قول بىلەن قىلىنىپ كېيىن رەڭلىك
ياقۇتلار ئۈستىگە قاپلىنىپ تېخىمۇ كۆزنى قاماشتۇرغىدەك بو-
لۇپ كېتىدۇ، بۇ ھەم ئەنئەنىۋى كىلاسسىك ئۇسلۇبقا ھەم زا-
مانىۋى تۈسكە ئىگە.

قەشقەر شەھىرىنىڭ زىننەت بويۇملىرىنى ياساش ئورنى
ۋە ئىشخانىسىنىڭ كۆلىمى گەرچە كىچىك بولسىمۇ، لېكىن
مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ، خىلى، رەڭگى تو-
لۇق، تەييار مەھسۇلاتلىرى زاپاس بولۇپلا قالماستىن، شۇنىڭ
بىلەن بىرگە ئىختىيارى زاكاس قىلىپ ياساتقىلى بو-
لىدۇ. مەھسۇلاتلىرىدىن ئاساسلىقى: ئاسما ھالقا، جۇملىدىن
نوگايىسىمان ھالقا، تاشكەنچى ھالقا، چېچەكسىمان ھالقا، ئايبالداق
ھالقا، 12 ياقۇتلۇق ھالقا، 14 ياقۇتلۇق ھالقا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچ-
چىگە ئالىدۇ؛ ئۈزۈك تۈرلىرىدىن قىزىيما ئۈزۈك، مەنچۈزەسىمان
ئۈزۈك، چەنپەنزدانىق ئۈزۈك، شاخچە يېچە ئۈزۈك قاتارلىقلار بار؛
بىلەيزۈكلەردىن قۇيما بىلەيزۈك، تولغىما بىلەيزۈك قاتار-
لىقلار بار؛ ئۇنىڭدىن باشقا چازا (چاچ قىسقۇچ)، بۇلاپكا، يا-
قالدۇرۇق، ئىزنەك قاتارلىقلارمۇ بار. ئالتۇن - كۈمۈش زىن-
نەت بويۇملىرىغا قاپلانغان ماتېرىياللىرىغىمۇ ئالاھىدە ئې-

تەبار قىلىنىدۇ. كۆپىنچىسى ئىمپورت قىلىنغان سۈنئىي يا-
قۇت ياكى تەبىئىي خرۇستاللاردۇر. يەنە بىر قىسىم سۈجۈ
ياقۇتلىرىمۇ بار. ئاساسلىق رەڭ تۈرى ھالرەڭ، بانان كۆك،
ئوچۇق يېشىل، توق سېرىق، جىگەررەڭ، سۇس بېغىررەڭ، توق
قارا، ئاق قاتارلىقلار. بۇنداق نۇر چاقناپ تۇرىدىغان يا-
قۇتلار ئويۇپ نەقىشلەنگەن ئالتۇن - كۈمۈش جازا ئۈستىگە
بېكىتىلسە تېخىمۇ چىرايلىق كۆركەملىشىپ، كىشىنىڭ زو-
قىنى قوزغاپ يەردە قويغۇسى كەلمەيدىغان قىلىۋېتىدۇ.

**چالغۇ ئەسۋابلىرى:** مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنى يا-
ساش قەشقەردە يەنە بىر يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي
ئۇسلۇبقا ئىگە كەسىپ. ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى يالغۇزلا
ئېلىمىز ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئاۋازلىق مەھ-
سۇلاتى بولۇپلا قالماستىن، يەنە داڭدار مىللىي قول-ھۈنەر
بۇيۇمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە ياسالغان مىللىي چالغۇ
ئەسۋابلارنىڭ ياسىلىشى سىلىق، ئاۋازى يېقىملىق بولۇپ،
شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى جايلاردا كەڭ
تارقىلىپ، كەڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا
ئېرىشتى. بىزنىڭدىكى ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن
قەشقەر راۋىپى، سىملىق راۋاپ (تاشكەنت راۋىپىمۇ دەيدۇ)،
دۇتار، تەمبۇر، ساتار، غىجەك، داپ، چاڭ، سۇناي، ناغرا،
بارابان، ساپايى، نەي، قوشۇق، تاش، خۇشتار، قالۇن، با-
لىمان، دولان راۋىپى قاتارلىقلار بار؛ باشقا مىللەتلەرنىڭ
چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن قىرغىزلارنىڭ قومۇزى،
قىياق، قوۋۇز قاتارلىق سازلىرى، قازاقلارنىڭ دومبۇرىسى؛
تاجىكلارنىڭ بىلىزگىسى (تاجىك راۋىپى) ھەمدە ئىسكىرۇپ-
قا قاتارلىقلار بار.

بۇ چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ كۆپى ئۈجمە ياغىچى بىلەن كالا سۆڭىكىنى ئاساسلىق ماتېرىيال قىلىدۇ، گەۋدىسى، دەستىسى، بېشى قاتارلىق جايلارغا ھايۋان سۆڭىكىدىن گۈزەل ۋە مول مەزمۇنلۇق مىسلىسىز نۇسخا بېزىلىپ، چالغۇ ئەسۋابىنى تېخىمۇ مىسلىسىز ئالاھىدىلىككە ۋە بەدىئىيلىككە ئىگە قىلغان. 1983-يىلى قەشقەر شەھەرلىك نەپىس سەنئەت كارخانىسىنىڭ ئىشلىگەن راۋىپى چاڭشادا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ھۈنەر-سەنئەت سېلىشتۇرۇپ باھالاش يىغىنىدا شەرەپ بىلەن دۆلەت يېنىك سانائەت مىنىستىرلىكى، دۆلەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى بەرگەن مۇنەۋۋەر مەھسۇلات نامىغا ئېرىشىپ «ئالتۇن ئەجدىھار» گۇۋاھنامىسىنى ئالغان.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنلىرىم پەقەت قەشقەر شەھىرىنىڭ بىپايان دېڭىزىدىكى قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئوكيانىنىڭ بىر نەچچە دولقۇنى مەۋجۇدۇر. قەشقەر شەھىرىنىڭ قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى كۈنسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ، ئەنئەنىۋى مىللىي قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئۆزىنىڭ رەڭگارەڭ تۈسى، روشەن خاس ئۇسلۇبى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭدىلا كەڭ كۇشادە سېتىلىپ قالماستىن، بەلكى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى زاتلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا چوڭقۇر ئېرىشتى.

# قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخىدىكى مەدە- نىيەت تەرەققىياتىدىن ئومۇمىي بايان

### ۋاڭ شى ياڭ

قەشقەر شەھىرى 1952 - يىلى 5 - ئايدا تەستىقلىنىپ قۇرۇلغان، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە قاتناش مەركىزى؛ 1984 - يىلىنىڭ بېشىدا B دەرى- جىلىك ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. 1986 - يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يەنە جۇڭگودىكى تارىخى مەشھۇر مەدەنىي شەھەرنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلگەنلىكى ئېلان قىلىندى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبى- بۇرجىكىگە توغرا كېلىدىغان قەشقەر شەھىرى جۇڭگونىڭ ئەڭ غەربىدىكى بىر چېگرا شەھەر بولۇپ، شەرقىدىكى تارىم ئويى- مانلىقىغا يۈزلىنىپ تۇرىدۇ، غەربىدىكى پامىر ئېگىزلىكىگە يۆلىنىپ تۇرىدۇ. خۇددى «كاشىغار» دېگەن نامىنىڭ ئەسلى مەنىسىدىكى «قاشتېشىدەك جاي»غا ئوخشاش قارلىق تاغ بىلەن پايانسىز دېڭىزنىڭ ئارىلىقىغا نەقىش قىلىنغان ياپ- يېشىل سۈزۈك قاشتاشتۇر.

قىزىل دەرياسى بىلەن تۈمەن دەرياسى قويىنىغا ئېلىپ تۇرغان بۈتۈن كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان غەربىي چېگ- رادىكى چىمەنزار شەھەر 96.3 كۋادرات كىلومېتىرلىق بوس-

تان ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ، قەدىمدىن بېرى «ھۆل - يېغىنى جايىدا، ھاۋاسى يېقىملىق»، «ئېتىز - ئېرىقلىرى بۆك-باراقسان، يەل-يېمىشلىرى مولچىلىق» (شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي دىيار خاتىرىلىرى» دىن) لىقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ كەلگەن. پۈتۈن شەھەرنىڭ يەر شەكلى شىمالىي ئېگىز، جەنۇبىي پەس، شەھەر رايونىنىڭ مەركىزى دېڭىز يۈزىدىن 1285 مېتىر كېلىدۇ. يەرشارائىتى ئېگىز، مەنزىرىسى گۈزەل. مۆتىدىل بەلباغنىڭ تىپىك چوڭ قۇرۇقلۇق قۇرغاق كېلىماتىغا مەنسۇپ بولۇپ، تۆت پەسىل ئېنىق پەرق ئېتىدۇ، ياز ئۇزۇن، قىش قىسقا، يازدا بەك ئىسسىق بولمايدۇ، قىشتا قەھرىتان سوغۇق يوق، ساياھەتنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئەپلىك جايى. 1987 - يىلىنىڭ ئاخىرى ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، پۈتۈن شەھەردە 214 مىڭ نوپۇس بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 74.87 پىرسەنتىنى، خەنزۇلار 25.14 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خۇيزۇ، ئۆزبېك، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق 17 مىللەت بار. بۇ مىللەتلەرنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك قەشقەرنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئورتاق ئالماقتا.

قەشقەر شەھىرى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بىر قەدىمىي شەھەر، يازما خاتىرىسى بولغان چاغدىن تارتىپ ھازىرغىچە 2100 يىلدىن ئاشتى، ئورنى ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىي رايونلىرىغا توغرا كەلگەچكە، قەدىمدە، مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ جۇڭگو ئوچاستكىسىدىكى جەنۇبىي، شىمالىي، ئوتتۇرا يوللىرىنىڭ غەربتە بىرلىشىدىغان باش تۈگۈنى بولغان؛ دۆلىتىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دې-

گىمىز قاتنىشى كەڭ كۆلەمدە ئېچىلىشتىن بۇرۇن، يەنى مىلادى- دىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىردىن مىلادى 16 - ئەسىرگىچە بولغان 2000 يىلدىن ئارتۇق ئۇزاق يىللار داۋامىدا بۇ جاي ھەم جۇڭگو بىلەن غەرب قاتنىشىنىڭ كىكىردىكى ۋە تۈگۈنى، ھەم ياۋروپا - ئاسىيا ئىككى چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى ھەر خىل تاۋارلارنىڭ توپلىنىدىغان، تارقايدىغان ۋە يۆتكەيدىغان يېكىتى بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي زېمىنىدىكى ئەڭ بۇرۇن ئېچىلغان خەلقئارا بازار ۋە بوسۇغا دەپ ئاتالغانىدى، ئۇنىڭ تارىختىكى ئورنى ۋە رولى بۈگۈنكى دۇنيادىكى مەشھۇر سودا شەھەرلىرىدىن كەم تۇرمايتتى. ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى يەنە بۇ يەردىكى ھەر خىل قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەچكە، ئېلىمىزنىڭ غەربىي خەن دەۋرىدىن ئارتىپ تاكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكىچە بۇجاي ئىزچىل تۈردە دۆلەتىمىزنىڭ غەرب دىيارىدا ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، ھەربىي ۋە دىنىي مەركىزى بولۇپ كېلىپ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي شىمالىدا ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا زور ۋە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغانىدى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تىل- يېزىقى، ئەدەبىيات- سەنئىتى، ئۆرپ- ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى، تۇرلۇك قۇرۇلۇش - بىناكارلىقىنىڭ تەرەققىياتى تارىخىدا، ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى قاتارلىق بىر قاتار زور جەھەتلەردە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانىدى. مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك زاتلارنىڭ «قەشقەرگە بارمىغىچە، شىنجاڭغا بارغاندەك بولمايدۇ»- دەپ ئورتاق

ئېتىراپ قىلىشىنى ھەرگىزمۇ بىكار گەپ دېگىلى بولمايدۇ؟ ھالبۇكى، قەشقەر شەھىرىنىڭ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى 328 شەھەر ئىچىدىن 62 دۆلەت دەرىجىلىك مەشھۇر تارىخىي مەدەنىي شەھەر قاتارىغا كىرگۈزۈلۈشىدىن ھەرگىز تاسادىپىي ئىش ئەمەس. يىپەك يولىنى قايتا جانلاندۇرۇش دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئۇچقاندەك يۈكسىلىۋاتقان ۋەزىيىتى ئاستىدا، جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيانىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش دېرىزىسىنى يەنە ئېچىش ئۈچۈن، «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت» قەشقەر شەھىرىمۇ بىر قاتار ئالدىنقى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئوبدان پۈتتۈردى، ئىچكى - تاشقى تەرەپكە قىلىدىغان ئىقتىسادىي مەدەنىيەت ئالاقىسىنى پەيدىنپەي قانات يايدۇردى، قەشقەر شەھىرى ئۆزى ئۈچۈن شۇنداقلا جۇڭگو ئۈچۈن تېگىشلىك يېڭى تۆھپىسىنى قوشقۇسى!

ھازىرقى ھالەتنى پۇختا ئىگىلەپ، كەلگۈسىنى ئوبدان مۆلچەرلەپ، تارىخ تەرەققىياتىنى چوڭقۇر چۈشىنىشكە ئاساس سېلىش ئۈچۈن، بۇ ماتېرىيال كۆپچىلىككە قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى، شەھەر ئورنىنىڭ يۆتكىلىشى، ئاھالىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، شۇنداقلا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىق ئاساسىي ئەھۋاللارنى تەمىنلەپ بېرىدۇ، گەرچە بۇ بىر ئۈزەرەك چۈشەنچە بولسىمۇ، يىل تەرتىپى بويىچە بىر بىرلەپ بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن. ئىگىلىگەن ماتېرىيال ۋە تەتقىقات سەۋىيەمنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن، نامۇۋاپىق جايلىرى كۆپ بولۇشى مۇمكىن، ئەھۋالنى بىلىدىغانلارنىڭ تۈزىتىپ قويۇشىنى ئۈتۈنىمەن.

## قەشقەرنىڭ ئىپتىدائىي ئاھالىلىرى ۋە مەدەنىيىتى

بۇنىڭدىن 6 — 7 مىڭ يىل بۇرۇنلا، قەشقەر ئەتراپلىرى سىپتا تاش قوراللارنى ئاساسىي مەدەنىيەت بەلگىسى قىلغان.

يېڭى تاش قورال دەۋرىگە كىرىپ بولغانىدى. بۇ بۇرۇنلا ئار-
خېئولوگىيىلىك يېڭى بايقاشلاردىن ئىسپاتلانغانىدى. 1956-
يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى تاشمولىلا دېگەن جايدا
تاشيول ياساۋاتقانلاردا ئىككى يېرىم مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى يەر ئاستى
تاش قاتلىمىدىن بىر دانە تۆۋى ئۈچلۈك كۆلرەڭ ساپال كوم-
زەك چىققان، بۇ شەنشىنىڭ ياڭشاۋ مەدەنىيىتىگە ئائىت
(يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ) يەردىن قىزدۇرۇلمىغان
ساپال كومزەك بىلەن شەكىل جەھەتتىن ئازراق پەرقلىنىدۇ،
لېكىن ئاغزى كىچىك، گىرۋىكى قېلىن، بويىنى ئىنچىكە، تۆۋى
ئۈچلۈك بولۇش تەرەپلىرى ئۆز ئارا ئوخشايدۇ. 60- يىللار-
نىڭ بېشىدا، شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 28 كىلومېتىر
جايدىكى خانئۆي قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن يەنە قىزىل
ساپالدىن ياسالغان ئىككى دانە چاقپىلەك تېپىلغان، بىرسى-
نىڭ شەكلى خۇددى كىچىك توقاچقا ئوخشايدۇ، يەنە بىرسى-
نىڭ شەكلى شاپتۇلغا ئوخشاۋراق كېتىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ
ئوتتۇرىسىدا يىك ئورنىتىدىغان تۆشۈكى بار ئىكەن، مۇتە-
خەسسىسلەرنىڭ باھالاپ بېكىتىشىچە بۇمۇ يېڭى تاش قورال دەۋ-
رىگە مەنسۇپ مىراس ئىكەن. يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت
مەدەنىي يادىكارلىقنىڭ زور تۈركۈمدە تېپىلىشى 1972-
يىلى 7- ئايدا بولدى، قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبى-
دىكى 50 نەچچە كىلومېتىر يىراقتىكى ئوپالدا، ئارخېئولوگىيە
خىزمەتچىلىرى، ئاقتالا، ئوڭغۇلۇق، قورۇقتالا ۋە دۆۋدىلىكتىن
ئىبارەت تۆت ئورۇندىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى
كەينى- كەينىدىن قېزىپ چىقاردى، بىر- بىرىگە تۇتاشقان
بۇ تۆت ئورۇندىكى خارابىلاردىن سۈركەپ ياساشنى ئاساسي

بەلگە قىلىنغان يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت زور تۈركۈم-
دىكى چوڭراق مىراسلار قېزىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تاش
پىچاق، تاش ئوغاقلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى خېلىلا يۇقىرى،
ياسىلىشىمۇ خېلى سىلىق. تاش پىچاقنىڭ تۆشۈكى يوق ھىلال
ئاي شەكلىدە، تاش ئوغاقنىڭ بېلى يايى شەكىللىك، ئىچى
بىسلىق بولۇپ، جېنەن ئۆلكىسىنىڭ يەنشۇيدە ئۇچراتقان
تاش ئوغاق بىلەن شەكلى ۋە ياسىلىشى بەكمۇ ئوخشايدۇ؛
باشقىلىرىدىن تاش پالتۇ، تاش تۇتقۇچلۇق ياغۇنچاق، تاش چاق-
پىلەك، شار سىمان تاش ۋە شۇنىڭدەك ساپال سايمانلاردىن كوم-
زەك، ھېجىر، تەشتەك، كۈپ، ئىستاكان قاتارلىقلارنىڭ ھەممى-
سى بار. 1978- يىلى ھازىرقى قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى ۋىلا-
يەتلىك 2- ترانسپورت شىركىتىنىڭ قورۇسىدا قۇرۇلۇش
قىلىۋاتقاندا، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت تاش قورالدىن
يەنە ئۈچ دانە تېپىلدى، بۇنىڭ ئىككىسى تاش پالتا، بىرسى
ئىشلىتىپ گاللىشىپ كەتكەن كەتمەنگە ئوخشايدۇ، شەھەر
رايونى تەۋەسىدىن تېپىلغان بۇ بىر قانچە مەدەنىي مىراسلار
مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

شىنجاڭغا ئائىت سىپتا تاش قوراللارنى ئاساسىي
بەلگە قىلغان قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ قەشقەردىن
تېپىلىشى چىڭخەي، گەنسۇ، نىڭشىيا، ئىچكى موڭغۇل ۋە
شەرقىي شىمالنىڭ شىمالىي قىسمى قاتارلىق ئۆلكە، رايونلار-
دىكى شۇ تۈردىكى ئىزلارنى تېررىتورىيە جەھەتتىن بىر-
بىرىگە تۇتاشتۇردى، تۈرلىرىمۇ بىردەك. بۇ، بۇنىڭدىن تەخ-
مىنەن 6 ـ 7 مىڭ يىل ئىلگىرى بۇ يەردە ئىپتىدائىي ئىنسان-
لارنىڭ ياشىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىپتىدائىي ئادەم-

لەر توپىنىڭ خۇاڭخې دەريا ۋادىسى بىلەن مەلۇم مەنبەلىك باغلىنىشى مەۋجۇتلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۈگۈنگىچە شىنجاڭدا بۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى كونا تاش قورال دەۋرىگە ئائىت يادىكارلىقلار تېخى تېپىلمىدى، مانا بۇمۇ بۇ يەردىكى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ شەرقتىن كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدىن غەربكە كۆچكەن بۇ ئىپتىدائىي قەبىلەر، ئاساسلىقى دەسلەپكى چىن دەۋرىدە شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان چاڭ قەبىلىلىرىدىن ئىدى، كېيىنچىرەك تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىن خېشى كارىدورىدا ئەسلىدە ئولتۇراقلاشقان بىر قىسىم ساكلار (جۇڭگو تارىخنامىلىرىدا يۈن ئۇرۇقلۇق رۇڭلار، غەربنىڭ تارىخنامىلىرىدا «ساكا» ياكى «ساك» لار دېيىلگەن) قەشقەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تېرەك داۋىنىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بۇ جايغا كېلىپ ماكانلىشىپ، ئورتاق ھالدا بۇ بوستانلىقنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئىپتىدائىي ئاھالىلىرىدىن بولۇپ قالغان.

ئېلىمىزنىڭ غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جىمەن (مىلادىدىن بۇرۇنقى 976 ـ يىلىدىن 922 ـ يىلغىچە) غەربنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىقىپ غەربىي دىيارغا بارغانىدا، «كوئېنلون تېغىنىڭ ئېتىكىدە، قىزىل دەريانىڭ كۈنگېيىدە قونغان» («مۇتيەنزى» تەزكىرىسى). قەدىمكى كىتاب «تاغ ـ دېڭىزلار دەستۇرى» دە: «غەربىي دېڭىز (قەدىمكى لوپنور) نىڭ جەنۇبىدا، كۆچمە قوم (تەكلىماكان قۇملىقى) نىڭ ياقىسىدا، قىزىل دەريانىڭ ئارقىسىدا، قارا دەريانىڭ ئالدىدا بىر چوڭ تاغ بار، نامى كوئېنلۇن تۆپىلىكى دېيىلىدۇ» دەپ

خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان «قىزىل دەريا» دېگىنى، بۈگۈنكى قەشقەرنىڭ جەنۇبىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان قىزىل دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ. دەريانىڭ سۈيى قوڭۇر، قىزىل رەڭلىك قۇم - لاتقىلارنى ئېقىتىپ ماڭىدىغانلىقى سەۋەبىدىن مۇشۇنداق ئاتالغان. ۋېي، جىن سۇلالىسىدىن تارتىپ، تاڭ سۇلالىسىغا قەدەر خەنزۇچە تارىخنامىلەردىنىڭ ھەممىسىدە قىزىل دەريا خاتىرىگە ئېلىنغان. تۈركلەر غەربىي دىيارغا كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىنمۇ يەنىلا قىزىل دەريا دەپ ئاتىلىۋەرگەن. يۈەن، مىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە چاغاتاي موڭغۇللىرىنىڭ تىلىدا «ئورۇنئوسۇ دەرياسى» دەپ ئاتالغان، ئۇنىڭ مەنىسى يەنىلا قىزىل دەريا دېگەن بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇكى، بۇنىڭدىن 3000 يىللار ئىلگىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ياشىغان جۇۋ كىشىلىرىنىڭ قەدىمى قەشقەرگە يەتكەن. بۇ چاغدا يەرلىك كىشىلەر «ئوت، سۇ قوغلىشىپ ئولتۇراقلىشىدىغان» كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشتىن دېھقانچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدىغان ھەمدە بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەنمۇ قوشۇمچە شۇغۇللىنىدىغان مۇقىم ماكانلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشنى باشلىغانىدى.

ئاۋۋالقى چىن مەزگىلىدە، ئېلىمىز تارىخىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان چۈنچيۇ بەش زومىگەرىنىڭ بىرى بولغان چىن موگۇڭ (مىلادىيدىن بۇرۇنقى 659 - يىلىدىن 620 - يىلىغىچە) نىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسى بۈگۈنكى قەشقەرگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ چاغدا ياۋروپا بىلەن ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى

يىپەك سودىسىمۇ ئاللىقاچان باشلانغانىدى. يىپەك يولى-
نىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، قەشقەر قەدىمكى شەھىرى دەسلەپ-
كى كۆلەمگە ئىگە بولغان ياكى ھېچبولمىغاندا شەھەر سېپىل-
لىرىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ تەييارلىق باسقۇچى ئورۇنلىنىپ
بولغانىدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 329 — 328-يىللار ئارى-
لىقىدا، قەدىمكى گرېتسىيە ماكېدون خاندانلىقىنىڭ خاقانى
ئىسكەندەر لەشكەر تارتىپ شەرققە ھۇجۇم قىلغان چاغدا، ئۇ-
نىڭ ئالدىن يۈرەر قىسىملىرىنىڭ كۆچى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ
شەرقىدىكى قەدىمكى قەشقەر قەلئەسىگە يېتىپ كەلگەن ئى-
دى. 11-ئەسىردە ئۆتكەن قەشقەرلىك مەھمۇت قەشقەرى ئۆ-
زىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ قەشقەر شەھىرىنىڭ مى-
لادىيىدىن بۇرۇنقى 4-ئەسىردە دەسلەپ قۇرۇلغانلىقىنى كۆر-
سىتىپ ئۆتكەنىدى.

## ئىككى خەن، ۋېي، جىن، جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە — سۇلې دۆلىتى

مىلادىيىدىن تەخمىنەن 128 يىل بۇرۇن، غەربىي دىيارغا ئۆت-
كەن غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى جاڭچيەن ئۇلۇغ ياۋچىلار
(بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەرغانە ئويمانلىقىدا) دىن
دۆلىتىگە قايتىشىدا بۇ يەردىن ئۆتكەنىدى، بۇ يەر ئاللىقا-
چان غەربىي دىياردىكى 36 دۆلەتنىڭ بىرى بولغان سۇلې
دۆلىتىنىڭ مەركىزى — سۇلې شەھىرى ئىدى. «خەننامە، سۇ-
لې تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، سۇلې دۆلىتىنىڭ
1510 ئۆيلۈك، 18647 كىشىلىك ئاھالىسى، 2000 كىشىلىك ئار-
مىيىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە پادىشاھ، تۆرە، تۇتۇق بېگى،

گېنېرال، سەردار، باش تاماچىلارنى بەلگە قىلغان بىر يۈرۈش
ھاكىمىيەت ئورگانلىرى تەشكىلاتى بولغان، مىلادىدىن بۇرۇنقى
2 ـ ئەسىردە بۇ يەر ئاللىبۇرۇن بىر قەدەر ئىلغار سىنىپىي
جەمئىيەتكە كىرىپ بولغانىدى.

جۇغراپىيىلىك قاتناش ئالاقىسى جەھەتتە، سۇلې شەرقـ
تە يۈيمىن، دۆڭقوتان بىلەن تۇتاشسا، غەربتە ياۋچىلار پەرـ
غانە (ھازىرقى سوۋېت قازاقىستانىدا) غىچە يېتىپ باراتتى.
شىمالدا ئۇيسۇنلار، سوغدىيانلار (بۈگۈنكى سوۋېت قازاقىسـ
تانىدا) بىلەن تۇتاشسا، جەنۇبتا كەشمىر ۋە ھىندىستانغىچە
يېتىپ باراتتى. بۇ خىل تەرەپكە تۇتىشىدىغان ھاـ
لەت ھەققىدە جاڭچيەن ئۆتكۈر قىلىپ: «(سۇلې) غەربتە ئۇـ
لۇغ ياۋچىلار، پەرغانە، سوغدىيانىڭ ئۆتەريولىدۇر»، (ماتېرىيال
ئېلىنغان مەنبە يۇقارقى بىلەن ئوخشاش) دەپ كۆرسەتكەنىدى.
يەرشارائىتى جەھەتتە، سۇلې غەربتە پامىرغا تىرىلىپ تۇرىدۇ،
شەرقتە بىپايان قۇم دېڭىزىغا يۈزلىنىپ تۇرىدۇ. غەربكە ما
ڭىدىغان سودا كارۋانلىرى يولبويى قۇم ـ بورانىنىڭ دەردىـ
نى يەتكىدەك تارتىپ بۇ جايغا كەلگەندىن كېيىن يەنە ئالدى
تەرەپتە ئېگىز پامىرنىڭ خەتەرلىك داۋانلىرى ئۇلارنىڭ ھالـ
قىپ ئۆتۈشىنى كۈتۈپ تۇراتتى؛ شەرققە ماڭىدىغان سودىگەرـ
لەر دېڭىز يۈزىدىن 4ـ5 مىڭ مېتىر كېلىدىغان پامىر تاغلىـ
رىدىن ساق چۈشكەندىن كېيىن بۇ بوستانلىقتا ئازراق دەم ئېـ
لىپ يۈرىكىنى توختىتىپ، غەيرىتىنى تولۇقلاپ ئاندىن سەپەـ
رنى داۋاملاشتۇرۇشنى تېخىمۇ زۆرۈر دەپ بىلەتتى. جاپا ـ
مۇشەققەتلىك ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ يىپەك يولىدا ھەر قاـ
داق بىر يۆنىلىشكە قاراپ قاتناۋاتقان ئەلچىلەر، سودا كارـ

ۋانلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا سۇلې شەھىرى ئۇلارنىڭ توختاپ ئارام ئالغاچ، ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋېلىشى ئۈچۈن خوپمۇ ئوبدان كۆڭۈلدىكىدەك جاي ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نۇرغۇن ماللار بۇ يەردە قولدىن - قولغا ئۆتۈپ توپلىناتتى ھەم تارقايتتى. بار - يوقى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇلاتتى، ھەممىسى ئۆزىگە ئېھتىياجلىق ماللارنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، مۇشۇ يەردىنلا كەينىگە بۇرۇلۇپ قايتىپ كېتەتتى. شۇڭا، مەيلى ئىككى خەن دەۋرىدىكى جەنۇبىي، شىمالىي ئىككى يول بولسۇن ياكى ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن كېيىنكى جەنۇبىي، شىمالىي، ئوتتۇرا ئۈچ يول بولسۇن ھەممىسى مەسلىھەتلەشكەندەك سۇلې شەھىرىنى يىپەك يولىنىڭ جۇڭگو ئوچاستىكىسىنىڭ غەربىي ئۇچىدىكى قوشۇلۇش نۇقتىسى قىلغان. جاڭچيەن بۇ يەرگە كەلگەن چاغدا، يىپەك سودىسىنىڭ تۈرتكىسى تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن سودا - سېتىق پائالىيەتلىرىنىڭ يۈكسەك مەركەزلىشىشى سۇلې شەھىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى شەھەرلەرگە ئوخشاش كۆركەم كوچىلار ۋە سودا دۇكانلىرىغا ئىگە قىلىپ، بۇ يەرنى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي بويىچە «شەھەر قاتارىغا كىرىدىغان» (يۇقىرىقىغا ئوخشاش) تۇنجى خەلقئارالىق سودا شەھىرىگە ئايلاندۇرغانىدى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى (غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجۆە 2 - يىلى) ھونلارنىڭ خانى باتىسخان خەن سۇلالىسىغا تەسلىم بولدى. غەربىي خەن ھۆكۈمىتى جىڭجىنى غەربىي دىيار دۇخۇسى قىلىپ تەيىنلەپ، تۇنجى قېتىم غەربىي دىياردا غەربىي دىيار دۇخۇ (سەرتاپلىق) مەھكىمىسى تەسىس

قىلادى. مۇشۇنىڭدىن ئېتىبارەن سۇلې دۆلىتى سىياسىي جەھ-
ھەتتە دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە قاراش-
قا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ھونلارنىڭ بۇ يەردە قۇرغان تۇتقۇ-
چى دۆۋى دېگەن مەمۇرىي ئاپپاراتىنىڭ كونتروللۇقىغا خاتىم-
ە بېرىلدى.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن تار-
تىپ ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلگىچە
ھونلارنىڭ تەشەببۇسكار كۈچى غەربىي دىيارنى
قايتا تىزگىنلەپ، يىپەك يولىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلىغانى-
دى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا كەلگەن-
دە، ھونلارنى قوغلاپ چىقىرىپ غەربىي دىيارنى قايتۇرۇۋېلىش
ھەمدە شۇنىڭ بىلەن يىپەك يولىنى راۋاڭلاشتۇرۇشتىن ئىبا-
رەت ئۇلۇغ ئىش يەنە باشلاندى. سۇلې يىپەك يولىنىڭ بوغۇ-
زى ۋە جان تومۇرى بولغانلىقى ھەم جەنۇبىي ۋە شىمالىي
ئىككى يولنى كونترول قىلىشنىڭ مەمۇرىي مەركەم جايى بول-
غانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە
كۆرىدىغان تەبىئىي توساق بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ
جايدا خېلىلا ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچ بولغانلىقى تۈپەي-
لىدىن، مىلادىنىڭ 74-يىلى باھاردا، شەرقىي خەن سۇلالى-
سىنىڭ مەشھۇر سىياسىئونى، ھەربىي ئالىمى، دىپلوماتى بەن-
چاۋ (مىلادى 32 - 102-يىللىغىچە) بۇيرۇققا بىنائەن 36 پال-
ۋاننى باشلاپ يولۋاس ئۆگىسىگە كىرىپ، ھونلارنىڭ سۇلې-
دا تۇرغۇزغان قورچاق پادىشاھىنى تېرىك تۇتۇپ، قىلىچ-
نىڭ بىسىنى قانغا بويىمايلا سۇلې دۆلىتىنىڭ پايتەختىنى
ئېلىپ، سۇلېنى بىر يولىلا تىنجىتىپ، 65 يىل ئېتىلىپ قال-

غان يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي يولىنى يېڭىباشتىن ئاچتى. شۇ يىلدىن تارتىپ مىلادى 91 - يىلىغىچە بولغان 17 يىل ئىچىدە، بەنچاۋ ئىزچىل تۈردە سۇلېنى ھونلارغا زەربە بېرىدىغان تايانچ بازا ۋە غەربىي دىياردىكى ھەر قايسى جايلار بىلەن ئالاقە قىلىدىغان چوڭ لاگېر قىلىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئىچكى قىسىمدىن چىققان سۇلې تۇپىلاڭچى ئاقسۆڭەكلەر ۋە سىرتتىن، يەنى يەكەن، كۇچار، ئۇلۇغ ياۋچىلار، قاراشەھەر، قۇم (ئاقسۇ) قاتارلىق ھون تەسىر كۈچلىرى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت جاپالىق، مىسلىسىز جەڭلەرنى ئېلىپ بېرىپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىغا پۈتكۈل غەربىي دىيارنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بەردى ۋە ئۇ يەرنى تىنجىتتى. «غەربىي دىياردىكى دۆلەتلەر ئەل بولغان كۈندىن ئېتىبارەن يالتىيۋالمىدى، كىچىكتىن چوڭىغىچە شادلىققا چۆمۈپ، ئۈزمەستىن سوۋغا - سالاملار ئەۋەتىپ تۇردى» («كېيىنكى خەننامە. بەنچاۋ تەزكىرىسى»دىن). مىلادىنىڭ 91 - يىلى قىشتا، بەنچاۋ غەربىي دىيارنىڭ تۇتۇق بېگىلىكىگە تەيىنلىنىپ كۇچارغا كۆچىدىغان چېغىدا، غەلىبەۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئالايىتەن ئۆزىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى — غەربىي دىيار چاڭشىسى شۇيگەننى ئۇزۇن مۇددەت سۇلېدا تۇرۇشقا قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ كونا تايانچ بازىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

غەربىي خەن دەۋرىدىن بىرى سۇلې تارىم ئويمانلىقىدىكى بىرىنچى چوڭ بوستان ئىدى. «بەش خىل زىرائەت تېرىلاتتى، يەردە ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ھەربىي ئىشلىرى خەن دىيارىغا (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك-

نى دېمەكچى) ئـازراق ئوخشىشىپ كېتەتتى» («خەننامە. غەر-
بىي دىيار تەزكىرىسى» دىن). مەھسۇلاتلىرى يېتەرلىك ھال-
دا ئۆزىنى تەمىنلەپلا قالماي، بەلكى يەنە «ئېكسپورت» قى-
لىپ باشقا قوشنا ئەللەرگە چىقىرىلاتتى. شەرقىي خەن دەۋرى-
گە كەلگەندە، ئىقتىسادتا تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى،
بەنچاۋ بۇ جاينى «يەرلىرى مۇنبەت، يايلاقلىرى ئاۋات» دەپ
ماختىغان («كېيىنكى خەننامە. بەنچاۋ تەزكىرىسى» دىن).
نوپۇسىمۇ راۋاجلىنىپ 2100 ئۆيلۈك 100 مىڭدىن ئارتۇق ئا-
دەمگە، ئارمىيىسى 30 مىڭ كىشىگە يەتكەنىدى. ئۇنىدىن
باشقا كېيىنكى بۇ جايدىن ئۆتىدىغان زور تۈركۈم سودىگەر-
لەر ۋە دائىمىي تۇرۇشلۇقچەت جاي مۇھاجىرلىرىمۇ بۇ جاي-
نىڭ نوپۇسىنى جىددىي كۆپەيتتى. ماددىي مەھسۇلاتلار ۋە تا-
ۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا
بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شەرقىي خەن سۇلالى-
سىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن تارتىپ ۋەي، جىن دەۋرىگىچە
بولغان ئارىلىقتا، سۇلې دۆلىتى راسا كۈچىيىپ، ئومۇميۈزلۈك
كۈللەنگەن مەزگىل بولدى. يېقىن قوشنىلاردىن يەكەن قا-
تارلىق 12 دۆلەت پۈتۈنلەي سۇلې دۆلىتىگە قوشۇلۇپ كەتتى،
ھەتتا شەرقتىكى جاڭيې، جيۇچۇەن رايونلىرىغىچە ھەربىي
ھەرىكەت يۈرگۈزۈپ، غەربىي دىياردىكى مۇشتۇمزور دەپ ئا-
تالدى. مىلادىنىڭ 127 - يىلى شەرقىي خەن
ھۆكۈمىتى سۇلې پادىشاھى چېن
پەنگە خەن سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك تۇتۇق بېگى دېگەن ئۇنۋا-
نىنى بەردى. بەش يىلدىن كېيىن، چېن پەن شەرقىي خەن-

نىڭ ھەربىي بۇيرۇقىغا بىنائەن 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى
باشلاپ، خەن سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ ئۆز ئالدىغا مۇستە-
قىل بولۇۋالغان ئۇدۇن (بۈگۈنكى خوتەن) دۆلىتىگە جازا
يۈرۈشى قىلىپ، غەلىبە قازاندى. مىلادى 169 - يىلدىن كې-
يىن سۇلى دۆلىتى ئۆزىنى دۆلىتىمىز چوڭ، ئەسكىرىمىز كۈچ-
لۈك دەپ چاغلاپ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئىدارە قىلىشىغا
بويسۇنمىدى، شەرقىي خەن ھۆكۈمىتى غەربىي دىياردىكى ھەر
قايسى ئەللەردىن 30 مىڭ كىشىلىك ئەسكەر توپلاپ سۇلى
دۆلىتىگە قارشى 40 نەچچە كۈن جازا يۈرۈشى قىلغان بولسى-
مۇ غەلىبە قازىنالمىدى. شۇندىن كېيىن «سۇلى دۆلىتى پادى-
شاھى لىيەنشياڭ ئۆلتۈرۈلدى، ئوردىمۇ چەكلىيەلمەي قالدى»
(«كېيىنكى خەننامە. سۇلى تەزكىرىسى» دىن).

ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىگە كەلگەندە، مىلادى 222 - يىلى-
دىن كېيىن، ساۋۋېي ھاكىمىيىتى غەربىي دىياردا غەربىي دى-
يار جاڭشىسىنى تەسىس قىلىپ، سۇلى قاتارلىق دۆلەتلەركە
قاردىتا بەزلەپ ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش، نەپ ئالدۇرۇش سىيا-
سىتىنى قوللاندى ھەمدە سۇلى پادىشاھىغا «ۋېيىنى قوغدى-
غۇچى دىۋان ياساۋۇل بېگى» دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن ھەمدە
ساۋۋېي موھۇر باسقان بەلباغ تارقىتىپ بەرگەن.

غەربىي جىن سۇلالىسى (267 - 316 - يىللىرى) دەۋرى-
دە، سۇلى دۆلىتىنىڭ ئىچكىرى بىلەن مۇناسىۋىتى ئۈچ پا-
دىشاھلىق دەۋرىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ قويۇقلاشتى، ئۈز-
لۈكسىز تۈردە ئەلچى ئەۋەتىپ داڭدار ئاتلار ۋە يەرلىك ما-
للارنى سوۋغات قىلىپ تۇردى، ئۆزىنىڭ شاھزادىلىرىنى جىن
ئوردىسىغا «مەھرەم» لىككە ئەۋەتتى ھەمدە جىن ئوردى-

ـسىنىڭ سۈلى پادىشاھىغا بەرگەن «دىۋان ياساۋۇل بېگى، چىن خاندانلىقىغا ئىخلاسمەن ئۇلۇغ بەگ» دېگەن مەرتىۋە ۋە ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلدى، بۇ، شەكىل جەھەتتىن ئىچكىرىدىكى ۋاڭ - تۆردىلەرگە ئوخشايتتى.

شەرقىي جىندىن كېيىن، 324- يىلى جاڭ جۈن ئاۋۋالقى لياڭ ھاكىمىيىتىنى قۇردى؛ 376 - يىلى ئاۋۋالقى چىن سۇلا-لىسىنىڭ گېنېرالى لۈيگۇاڭ غەربىي دىيارنى بويسۇندۇردى؛ 386 - يىلى لۈيگۇاڭ ئۆزىنى كېيىنكى لياڭ ۋاڭى دەپ جاكار-لىدى؛ 400 - يىلى دۇنخۇاڭنىڭ سابىق ۋالىيسى لى خاۋ يەنە غەربىي لياڭ ھاكىمىيىتىنى قۇردى؛ 420 - يىلى داجۇ چۈي-مىڭسۇن غەربىي لياڭ ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ، شىمالىي لياڭ ھاكىمىيىتىنى قۇردى. 422 -يىلى سۈڭ ۋۇدى غەربىي دىيار-نى يەنە بويسۇندۇردى. گەرچە تەپرىقچىلىق كەينى - كەين-دىن يۈز بېرىپ، ھاكىمىيەتلەر يېڭىلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ قالايمىقان ۋەزىيەت ئالدىدا، سۈلى دۆلىتى بۇرۇنقىدەك يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تەپرىقچى ھاكىمىيەتلەر بىلەن بىر - بىرلەپ قويۇق مۇناسىۋەت ئورنى-تىپ كەلگەن، يالغۇز سىياسىي جەھەتتە رەھبەرلىككە بويسۇنۇش مۇناسىۋىتىنى ساقلاپلا قالماستىن، ئىقتىسادىي مەدەنىيەت جە-ھەتتىكى باردى - كەلدىسىمۇ ناھايىتى قويۇق ئىدى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، 435-يىلىدىن باشلاپ تاكى 512- يىلىغا قەدەر تارىخىي كىتابلار-دا خاتىرىلىنىپ قالغانلىرىنى ئالساق، سۈلى دۆلىتى ئىل-گىرى - ئاخىر 15 قېتىم شىمالىي ۋېي ھاكىمىيىتىگە ئەلچى ئەۋەتىپ تەۋە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، گەرچە ئارىلىقتا

480 - يىلىدىن 563 - يىلىغىچە سۇلې دۆلىتى گەرچە بىرلا
چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن چارۋىچى ئېفتالىت-
لار (ئاق ھونلار) تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ قۇل قىلىنغان
بولسىمۇ، لېكىن قەلبىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تەلپۈنۈش، بىر-
لىكنى قوغداشتىن ئىبارەت ئىرادىسى باشتىن - ئاخىر ئۆز-
گەرمىگەنىدى. ۋېي، جىن سۇلالىلىرىدىن تارتىپ جەنۇبىي،
شىمالىي سۇلالىلارغىچە، سۇلې دۆلىتى خەلقى ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىكتىكى خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئۆگىتىشى ۋە تەسىرى ئاستى-
دا، زور تۈركۈمدىكى تۆمۈردىن ياسالغان دېھقانچىلىق ساي-
مانلىرىنى ۋە بىر قەدەر ئىلغار تېرىقچىلىق ئۇسۇللىرىنى كىر-
گۈزگەنىدى. ئىشلەپچىقىرىلغان ماددىي مەھسۇلاتلارمۇ ئىنت-
ايىن مول ئىدى. «يەرلىرىدىن كۆپرەك شال، تېرىق، كەندىر،
بۇغداي، مىس، تۆمۈر، قەلەي، گۈڭگۈرت، يىپەك - كىمخاپ
چىقاتتى» («شىمالىي سۇلالىلار تارىخى — سۇلې تەزكىرىسى»
دىن). توقۇمىچىلىقمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە راۋاجلان-
غان بولۇپ، بۇ يەردىن چىقىدىغان «سۇلې كېۋىزى» غەربىي
دىيارلاردا ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىمۇ ناھايىتى داڭلىق ئىدى.

غەربىي خەن مەزگىلىدە سۇلې دۆلىتىنىڭ پايتەختى سۇ-
لې قەلئەسى ئىدى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ تەكتى بو-
لۇپ، ئۇنىڭ ئورنى ۋە كۆلىمىنى دەلىللەش مۇمكىنچىلىكى
يوق)، شەرقىي خەن دەۋرىگە كەلگەندە، سۇلې دۆلىتىنىڭ مەر-
كىزى يېڭى قەلئەسىگە ئۆزگەرتىلگەن. بەلكىم سۇلې قەل-
ئەسىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى بولۇشى مۇمكىن. يېڭى قەلئەسىنىڭ
كونا ئورنى ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي شە-
ھەر رايونىدىكى ئەسكىھىسارىدىكى قەدىمكى قەلئە بولۇپ،

بۇ قەلەم ئەرقىسى خەن دەۋرىدىكى بەنچاۋنىڭ بۇ يەرنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلاپ چىقالمىغانلىقى بىلەن كېيىنكىلەرگە نام قالدۇرغان. جەنۇبىي شىمالىي سۇلالىلار دەۋرىدىن تارتىپ سۈي سۇلالىلىرىغىچە خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا سۇلىي دۆلىتىنىڭ پايتەختى توغرىسىدىكى «پايتەخت سېپىلى چاسا بولۇپ، تەرەپلىرى بەش چاقىرىم كېلەتتى» دەپ تەسۋىرلىنىدۇ، گەرچە ئۇنى ئېنىق بىلمىسەكمۇ، لېكىن ئايلانما ئۇزۇنلۇقى ۋە مەيدانى ئېنىق ئېيتىلغان.

بۇ دەۋر ئىچىدە، بۇ جايدىكى ئاھالىلەر ئاساسەن چاكزۇلار بىلەن ساكلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بىلەن بولغان ئارىلاشما قۇرۇلمىنى ساقلاپ كەلگەن. بۇ يەردىكى بىر روشەن ئالامەت شۇكى، جەن سۇلالىلىرىدىن تارتىپ سۈي سۇلالىسىغىچە بولغان خەنزۇچە تارىخىي كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە «ئادەملەرنىڭ قول - پۇتلىرىنىڭ بارمىقى ئالتە ئىدى، تۇغۇلغان بالىسىنىڭ ئالتە بارمىقى بولمىسا باقمايتتى» دەپ نەقىل كەلتۈرىدۇ. دەلىللاشتىن قارىغاندا، بۇ ماھىيەتتە يەنىلا قەدىمكى چارۋىچىلارنىڭ بىر خىل ئومۇمىيۈزلۈك ئالاھىدىلىكىدۇر. ئىككى خەن دەۋرىدە بۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ بەدەن شەكلى، تاشقى قىياپىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئادەملىرىدىن ئاساسەن پەرقلەنمەيتتى. لېكىن جەنۇبىي شىمالىي سۇلالىلاردىن كېيىن «ئىدىقۇت (تۇرپان) نىڭ غەربىدىكى دۆلەتلەردىكى ئادەملەرنىڭ قاڭشىرى ئېگىز، كۆزى چوڭقۇر» ئىدى («شىمالىي ۋېي تارىخى. غەربىي دىيار تەزكىرىسى» دىن). بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، تۇرپاننىڭ غەربىدىكى سۇلىي ئاھالىسى تاشقى قىياپەت جەھەتتە «كۆزى چوڭقۇر، قاڭشالىق» بولۇشتىن ئى-

بارەت يېڭى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. روشەنكى ھىندى - ياۋروپا قان سىستېمىسىدىكىلەر ئارىلىشىشقا باشلىغان. چاڭلار ۋە ساكلاردىن قالسا، بىز يەرگە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغانلاردىن يەنە ئۇلۇغ ياۋچىلار، ھونلار، خەنزۇلار ۋە ئەفتالىتلارمۇ بار ئىدى، بىراق سان جەھەتتە ئەڭ كۆپ بولغىنى يەنىلا سوغدىيانلار ئىدى. سوغدىيانلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىككى دەريا ساھەسى (ماۋەرائۇننەھر) دە ياشايدىغان قەدىمكى شەرقىي ئىران شىۋىسىدا سۆزلىشىدىغان قەدىمكى مىللەت ئىدى. ئۇلار سودا قىلىشقا ماھىرلىقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ كەلگەن. تاكى 11 - ئەسىرگە قەدەر قەشقەر شەھىرىگە يېقىن جايدا يەنىلا زور تۈركۈم سوغدىيانلار كەنتى ساقلىنىپ كەلگەنىدى.

ئىككى خەن دەۋرىدىن بۇيان، سۇلې دۆلىتىدە مەدەنىيەت جەھەتتە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەقە بۇددا دىنىنىڭ ئېقىپ كىرىشىدۇر. ھىندىستاننىڭ بۇددا دىنى مىلادى 1-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا سۇلېغا تارقاشقا باشلىغان. ئۇنىڭ كىرىش يولى ئىككى بولۇپ، بىرسى، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىن چىقىپ، ۋاخان تېغى ( ئافغانىستاندا ) ئارقىلىق پامىر ئېگىزلىكىدىن ئېشىپ يېتىپ كېلەتتى؛ ئىككىنچىسى، ھىندىستاننىڭ ئۆز زېمىنىدىن چىقىپ، ئۇلۇغ ياۋچىلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، شەرقى بىلەن كىرەتتى. بۇددا كىلاسسىكلىرى ئەڭ دەسلەپ بۇددىستلار ئۆز ئارا بىر بىرىگە ئاغزاكى ئۆگەتكەنلىكى، بەلكى كۆپچىلىكى بۇددا مۇرىتلىرىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى پارچە - پۇرات پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئاساسىي شەكىل قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، تاكى بەنچاۋ سۇلېدا

تۇرغان مەزگىللەرگىچە بۇ جايدا ئومۇملاشمىغانىدى. مى-
لادى 120- يىللىرىدىن كېيىن، سۇلې خان جەمەتىدىن چېن پەن
ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ كۇيپا خانىدانلىقىدا بۇددا دىنىنى قوب-
ۇل قىلىپ ئۆگىنىپ، ۋەتەنگە قايتىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن
كېيىن، بۇددا دىنىنى مەملىكەت ئىچىدە زور كۈچ بىلەن كې-
ڭەيتىشكە باشلىدى ھەمدە دەسلەپ خەلق ئىچىدە ئېقىپ يۈر-
گەن دىنىنى دۆلەت دىنىغا كۆتەردى. چېن پەننىڭ تەشەببۇ-
سى ئارقىسىدا، سۇلې دۆلىتىدە كەڭ تۈردە بۇددا ئىبادەتخا-
نىلىرى ياسالدى ھەمدە بۇددا تام سۈرەتلىرىنى سىزىدىغان
بىر مۇنچە غارلار قېزىلدى. ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەنلى-
رىدىن قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى ئۈچ بۇرھان بۇددا
يادىكارلىقىدىن ئىبارەت. «بۇ ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم
بولغان دۆلىتىمىزنىڭ غەربىدە ساقلىنىپ قالغان ئەڭ قە-
دىمكى غارلارنىڭ بىرىدۇر» («جۇڭگودىكى مەشھۇر جايلار
لۇغىتى» 1107 - بەت). شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە
يۈز يىل جەريانىدا سۇلېنىڭ بۇددا دىنى كۈندىن - كۈنگە
راۋاجلىنىپ، ئۇدۇن (خوتەن)، كۇسەن (كۇچار)، ئىدىقۇت
(تۇرپان) لار بىلەن بىر قاتاردا غەربىي دىياردىكى تۆت
چوڭ بۇددا دىنى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بولۇپ قالدى.
ئوتتۇرا جۇڭگودىن غەربكە ئۆتكەن مەشھۇر راھىب داۋئەن،
جىزمىڭ ۋە غەربىي رايوننىڭ مەشھۇر راھىبى كوماراجىۋا، شۇ-
نىڭدەك ھىندىستاننىڭ بۇددا ئىلمىي تەرجىمانى دامچىدو قا-
تارلىق كىشىلەر سۇلېدىكى بۇددا ئىزنىلىرىنى تاۋاپ قىلىپ
بۇددا قائىدىلىرىدىن دەرس بەرگەن. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى
دەۋرىدە، تەخمىنەن مىلادى 465 - يىللىرى، سۇلې دۆلىتى

پادىشاھى شىمالى ۋېي سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ خانىغا ئۇزۇنلۇقى ئىككى جاڭدىن كۆپرەك كېلىدىغان بۇددا كاشاياسىنى ھەدىيە قىلىپ، پۈتۈن ئوردىنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن. مىلادى 5 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، سۇلى دۆلىتىنىڭ بۇددا راھىبى تانمۇدات ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئىچكىرىدە تۇرۇپ دىنىي قانۇندىن دەرس بېرىپ، بۇددا دىنىنىڭ ئىچكىرىدە تارقىلىشى ئۈچۈن ئاكتىپ رول ئوينىغانىدى.

## سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە — سۇلى تۇتۇق مەھكىمىسى

مىلادىنىڭ 563- 567- يىللىرىدا، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي تۈرك قەبىلىلىرى غەربىي دىيارغا كىرىپ ماكانلىشىپ، ئەفتالىتلارنىڭ بۇ جايدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىدى. سۇلى قاتارلىق دۆلەتلەر غەربىي تۈركلەرگە تەۋە بولۇشقا مەجبۇر بولدى. سۇلىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە غەربىي، جۇغراپىيە جەھەتتىكى مۇھىملىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى قاغان قىزلىرىنى سۇلى پادىشاھلىرىغا ياتلىق قىلىپ قۇدىلاشتى، يەنە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەمەلدار ئەۋەتىپ سۇلى دۆلىتىنى قاتتىق تىزگىنلەپ تۇردى. سۇي سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 615 - يىلى سۇلى دۆلىتى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغات تۇتۇپ، مەركىزىي ھاكىمىيەت تەۋەلىكىگە قايتىپ كېلىشنى ئۈمىد قىلغان. بىراق ئۈچ يىلدىن كېيىن سۇي سۇلالىسى دېھقانلار قوزغىلىڭى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا تاڭ سۇلالىسى باش كۆتەردى.

635 - يىلى ۋە 639 - يىلى، سۇلې دۆلىتى ئىككى قېتىم تاڭ سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تەيزۇڭ لىشىمىن بىلەن كۆرۈشۈپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈركلەرنى بويسۇندۇرۇپ غەربىي دىيارنى باللدۇراق مەركىزىي هاكىمىيەتنىڭ باشقۇرۇشىغا قايتۇرۇپ كېلىشىنى جىددىي ئىزھار قىلىپ، تاڭ تەيزۇڭنىڭ يۈكسەك دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى، تەيزۇڭ ۋەزىر فاڭشۈەنلىڭغا: «ئۈچ چى قىبىلىچىمنى ئويىنىتىپ تۆت ئەتراپنى تىنجىتتىم، يىراق شەرقمۇ بويسۇندۇرۇلدى ... بىراق بۇيان (سۇلې دۆلىتىنى دېمەكچى) كۆمران بولۇش يولىغا كىرىپ قېلىپ ئۆزىنى قوغدىيالماۋېتىپتۇ، بىزنىڭ ياردەم بەرگىنىمىز تۈزۈك» («يېڭى تاڭنامە. سۇلې تەزكىرىسى» دىن) دېگەنىدى. 2 - يىلى يەنى 640 - يىلى تاڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى غەربىي دىيارغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ، ئىدىقۇتتا ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلدى. 648 - يىلى سۇلې ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسىگە قاراشلىق تۆت بازارنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلدى؛ 675 - يىلى رەسمىي هالدا سۇلې نازارەت مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، سۇلې پادىشاھىنى باش نازارەتچىلىككە تەيىنلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەردىكە تامامەن پادىشاھ جەمەتى ۋارىسلىق قىلىپ كەلدى. ئۇلار مەركىزىي هۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن سۇلېدا مەمۇرىي ئىدارە قىلىش، خەلق ئارىسىدىكى ھەق تەلەپ جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش هوقۇقىنى يۈرگۈزەتتى. يەر ئىجارىسى، يەر بېجى ۋە ئۆتكەن - كەچكەنلەردىن ئېلىنىدىغان سودا بېجى قاتارلىقلارنى يىغدۇېلىپ يەرلىك هۆكۈمەتنىڭ ۋە ئارمىيىنىڭ ئارقا سەپ ئېھتىياجىنى قامدايتتى ھەمدە تۇرۇشلۇق قوشۇنغا ھەمكارلىشىپ، ئەسكەر ئېلىشىپ بېرەتتى.

سۇيىلى نازارەت مەھكىمىسىنىڭ تېررىتورىيىسى ھازىرقى قىزىلسۇ ئوبلاستى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىگە باراۋەر بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ قارمىقىدا 15 ئوبلاست بار ئىدى. ئەنشىدىكى تۆت چوڭ نازارەت مەھكىمىسى ئىچىدە ئوبلاستلىرى ھەممىدىن كۆپ ئىدى. ھەر قايسى ئوبلاستلارغا سىشى، سىما قاتارلىق ھەر خىل مەنسەپتىكى ئەمەلدارلار قويۇلاتتى. ئادەتتە سۇيىلىقلار ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالاتتى. تاڭشۇۋەنزۇڭ دەۋردە پەرمان بويىچە كۆكمۇسى (باجگىر) تەسىس قىلىنىپ، كەلگەن-بارغان سودىگەرلەردىن چېگرىدىن ئۆتۈش سودا بېجى ئېلىنىشقا مەسئۇل بولاتتى. باج بىلەن يەرلىك ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىراجىتى قامدىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ يەردە تاڭ سۇلالىسىنىڭ پۇلى كۆچەپ يولغا قويۇلدى. ئەينى چاغلاردا سۇيىدا يەنە ھەربىيلەر بوز يەر ئېچىپ ئۆزلەشتۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، يەتتە ھەربىي مەيدان ئېچىلغان، ھەر بىر مەيداننى 50 گېكتاردىن ھېسابلىغاندا بۇمۇ ئاز ئەمەس ئىدى؛ تۇرۇشلۇق ئارمىيە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن تەڭ، قوي، كالا بېقىش قاتارلىق باشقا قوشۇمچە كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغانىدى.

سۇيىلى نازارەت مەھكىمىسى بىلەن تەڭ ھەربىي ۋەزىپە ئىجرا قىلىدىغان ئورگان سۇيىلى ئارمىيىسى ئىدى، ئۇنىڭغا جۇنسى (ھەربىي قوماندان) ۋە فوسى (مۇئاۋىن قوماندان) قويۇلاتتى، ئۇلارنى مەركەز بىۋاسىتە تەيىنلەپ ئەۋەتەتتى. ئۇلار ھەمىشە ئەنشى دۇخۇ مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىنلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەيتتى، پۈتۈن قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى 10 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئاساسلىقى ئىچكىرىدىن چىققان خەنزۇ ئەسكەرلەر ۋە غەربىي

دىياردىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەردىمۇ ئەسكەرلىككە ئېلىنغانلار بار ئىدى. ئۇندىن قالسا يەنە سۇلې بازارگارنىزون ئەسكەرلىرى بولۇپ، جەڭشۇۋسى (بازار گارنىزون سەلىڭگىمەنىسىدە) قويۇلاتتى ۋە ئەنشى دۇخۇ مەھكىمىسىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ سەپلىنەتتى. ئەسكەرلەر ئاساسلىقى يەرلىك ئازسانلىق مىللەتلەردىن ئىدى. ئەنشى دۇخۇ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان 150 يىل ( 640 — 790 ) جەريانىدا، سۇلې ئارمىيىسى ۋە بازار گارنىزون ئەسكەرلىرى جەڭدە مىسلىسىز زور خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەنىدى.

مىلادى 722 — يىلى تۈبۈت قوشۇنلىرى كۇئېنلون تېغىنىڭ جەنۇبىغا ئايلىنىپ ئۆتۈپ، كىچىك بولۇر دۆلىتى (ھازىرقى پاكىستاننىڭ شەرقىدە، ئەينى ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ يىراقنى تىنچلاندۇرۇش قوشۇنلىرىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى) نى ئىشغال قىلماقچى ۋە شۇ ئارقىلىق شىمالغا لەشكەر تارتىپ ئەنشىدىكى 4 بازارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغانىدى. سۇلې ئارمىيىسىنىڭ فۇسىسى جاڭ سىلى بۇيرۇققا بىنائەن ئۆز قىسمىدىن 4000 ئەسكەرنى باشلاپ، كىچىك بولۇر ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە ئوڭ — سولدىن قاپساپ ھۇجۇم قىلىپ غايەت زور غەلىبە قازاندى، تۈبۈتلەرنى «ئۇ يىلدىن — بۇ يىلغىچە چېگرىدىغا چىققالماس قىلىۋېتىپ» («دىۋان مۇئەسسەسىنىڭ ئەلى پۈتۈكلىرى» دىن)، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەللەر بىلەن بولغان يىپەك يولى قاتنىشىنى كۆچلۈك كاپالەتلەندۈرۈپ، سۇلې نازارەت (دۇدۇ) مەھكىمىسىنىڭ ھەيۋىتىنى تازا ئاشۇردى، «ئۇ تەرەپتىكى چېگرىنى قوغداپ، ئۆزگە ئەل قىلالىغان» لىقى ئۈچۈن، 728 — يىلى تاڭ سۇلا —

لىسى ئەلچى ئەۋەتىپ باش نازارەتچى قىيشەندىكىنى سۇلتاننىڭ
پادىشاھلىقىغا بېكىتتى. 739 ـ يىلى كۈزدە، سۇلى بازارگار-
نەزۇ نەبنىڭ چاڭ شىرۋېتىسى مېڭ لىڭچۇ ئەنشى دۇخۇ مەھكىمىسىنىڭ
بۇيرۇقىغا بىنائەن شەھەردىكى خەلىلانغان ئەسكەرلەرنى باش-
لاپ توپىتۇغرا تالاز (ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تالاس شە-
ھىرى) گە باستۇرۇپ كىرىپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا
ئاسىيادا قىزغىن زور توپىلىڭىنى تىنجىتتى، بۇرۇن ئەرەب-
لەر ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ تەھدىتى ئاستىدا قالغان ئوت-
تۇرا ئاسىيا ئەللىرىنى كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ باش قوي-
دۇردى. 747 ـ يىلى سۇلى بازىرىنىڭ گېنېرالى جاۋچىڭسى،
ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن دۇخۇسى گاۋشەنجىنىڭ
قوماندانلىقىدا يەنە بىر قېتىم پامىر تاغلىرىدىن ئېشىپ ئۆ-
تۈپ توبوتلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن كىچىك بولۇر دۆلە-
تىگە ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنى زىلزىلىگە كەل-
تۈرگەن. «بىر مەيدان دانقۇر (ھازىرقى پاكىستاننىڭ شىمالى-
دىكى دالقىت تېغى ئېغىزى) ئۇرۇشى» ئېلىپ بېرىپ توبوت تو-
پىلاڭچى قوشۇنلىرىنى بىت ـ چىت قىلدى. كىچىك بولۇر ۋاڭىنى
تىرىك تۇتۇپ «ئەرەبىي، تۈركەشلەردىن ئىبارەت 72 دۆلەت
بۇ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ، تەسلىم قىلدۇرۇلدى» (يۇقارقىغا ئوخشاش)
تاڭ سۇلالىسىدا ئەنئۇشەن ـ شىسىمىڭ توپىلىڭى يۈز بېرىش-
نىڭ ئالدىدا غەربىي دىيار بىلەن ئىچكىرىنىڭ سىياسىي جە-
ھەتتىكى بىرلىكىنى كۈچلۈك ھالدا قوغداپ قالدى. شۇڭا،
753 ـ يىلى سۇلىنىڭ باش سەردارى، قوشۇمچە ياۋجىيەن ئوب-
لاستىنىڭ سىماسى پېيگو لياڭ چاڭئەنگە بېرىپ ئوردىغا سالامغا
كىرگەن چېغىدا، تاڭشۈەنزوڭ ئالايىتەن ئۇنىڭغا بىنە پېشىرەڭ

تون، ئالتۇن ھەيلىق تەقدىم قىلدى ۋە غالىپ ھىراۋۇل بەگ ئۇنۋانىنى بەردى.

784 - يىلى توبوتلار غەربىي دىيارغا بولغان ھەربىي ھۇجۇمىنى كۈچەيتكەنلىكى ئۈچۈن، تاڭ سۇلالىسى ئەنشى، بەشبالىق تۇتۇق مەھكىمىلىرىنى ئىچكىرىگە چېكىندۈرۈپ كەتكەن. لېكىن، 788 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكىرىدىن چىققان راھىبى ۋۇكوڭ ھىندىستاندىن قايتىشىدا سېلىدىن ئۆتكەندە سېلى پادىشاھى قوشۇمچە باش نازارەتچى فېيلىڭلىڭ بىلەن سېلى شەھەر كارىزىنىڭ جېڭ شۈۋسىسى لى ياڭنىڭ بىر يەردە تاكى 790 - يىلى پۈتكۈل غەربىي دىيار قولدىن كەتكەنگە قەدەر شەھەرنى مۇشكۈللۈك ئىچىدە پۈتۈن كۈچى بىلەن ساقلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدى. ئەنلۇشەن - شىسىمىڭلار توپىلىڭى يۈز بېرىپ 35 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە كېلىپ غەربىي دىيارنىڭ ۋەزىيىتى كۈنسايىن ئوساللىشىۋاتقان بىر پەيتتە، سېلى نازارەت مەھكىمىسى ئارمىيە-خەلقلىرىنىڭ بالدۇرقىدەكلا تاڭ سۇلالىسىغا ساداقەتمەن بولۇشى ھەقىقەتەنمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

6 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ كەلكۈندەك يامراپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، سېلىدا ۋە غەربىي دىيارنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا چاڭلار، ساكلار، سوغداقلارنىڭ ئارىلاشما قانداشلىقىدىن تاشقىرى، يەنە تۈركلەرنىڭ يېڭى تەركىبى قوشۇلدى. رەڭگى - روھى جەھەتتىكى «كۆزى چوڭقۇر، قاڭشالىق» بولۇشتىن كېيىن يەنە «بەدىنىگە گۈل چېكىلگەن كۆزى كۆك» (شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ غەربىي دىيار خاتىرىلىرى» دىن) بولۇشتەك يېڭى ئالاھىدىلىك قوشۇل-

دى. «ئۇلارنىڭ يېزىقى ھىندى يېزىقىدىن ئېلىنغان، ئازراق قىسقارتىلغان بولسىمۇ، ئاساسىي شەكلى ساقلاپ قېلىنغان، گەپ-سۆز-لەردىنىڭ ئاھاڭى باشقا مەملىكەتلەردىن پەرقلىنەتتى» (يۇقىرد-قىغا ئوخشاش). مۇشۇ مىللەتلەر ئورتاق ئاچقانلىقتىن، بۇ جاي-لار «ئېتىز-ئېرىقلىرى باراقسان، يەل-يېمىشلىرى مول-چىلىق ئىدى، سېپىتا كىگىزلەرنى ئىشلەپچىقىراتتى» (يۇقىر-قى بىلەن ئوخشاش).

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئاھالە تەركىبى-نىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، مۇشۇ باسقۇچ ئىچىدە يەرلەر-نىڭ نامى جەھەتتىمۇ روشەن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئەسلى سۇلى دېگەن سۆز يەر ئىسمى، يەنى «سۇلۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى بۇ جاي قەدىمدىن تارتىپ سۈيى ۋە ئوتىنىڭ موللىقى بىلەن نام ئالغان. تىل ئايرىمىسى تېخى تالاش-تارتىش قىلىنىۋاتقان بىر مەسىلە. مىلادى 4-ئەسىردىن كې-يىن بەزىلەر بۇ جاينى «جېشى (قاش)» دەپ ئاتاشقا باشلىغان («ۋېي سۇلالىسى ھەققىدە قىسقىچە خاتىرىلەر»گە قارالسۇن). مىلا-دىنىڭ 644-يىلى تاڭ شۇەنزاڭ بۇ يەرگە كەلگەندە چۈۋېشا (قاش) دەپ خاتىرىلىگەن. يېڭى، كونا «تاڭنامە» لەردىمۇ بۇنى سۇلى دۆلىتىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى دەپ قارىغان ھەم-دە سۇلى پادىشاھىسى «جىياشى (قاش) شەھەرنى باشقۇرىدۇ»غا-نلىقى تىلغا ئېلىنغان. بۇندا كالامى «توز پادىشاھىسىنىڭ ئەپ-سىزلىرى» دا سۇلى دۆلىتى «جىياشە (قاشە)» دەپ خاتىرىلەن-گەن. بۇ ئاھاڭلار ئەمەلىيەتتە دەل «قەشقەر» دېگەن سۆزنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئوقۇلۇشى ئىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ قەش-قەر شەھىرى ئىچىدە بۇنىڭدىن قېپقالغان ئاھاڭنى تېپىشقا

بولىدۇ. ھازىرقى قەشقەر شەھىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى بىر ئاھالە رايونى (ھازىرقى تۆت كوچا باشقارمىسىنىڭ بىرى) نىڭ قەدىمىدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىزچىل تۈردە «چاسا» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقانلىقى بۇنىڭ ئىسپاتى. قېنى قاراپ باقايلى: جىبەشى - چۇۋۇبشا - جىياشە - جىياشى - چاسا - كاشى (قەشقەر) بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىش بارلىقىنى بىر قاراپلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «كاشى» نىڭ كەينىگە «گەر» تاۋۇشىنىڭ ئۇلىنىشى خېلى كېيىنكى ئىش. 8 - ئەسىردىن كېيىن راھىپ خۇيچاۋ بۇ جاينى «جىياشىجۇلى» («ھىندىستانغا بېرىش خاتىرىلىرى»دە) دەپ خاتىرىگە ئالغان. تاڭ دەۋرىدىكى قەشقەرلىك چاڭمەن باش راھىبى پەرخۇيلانىڭ ئۆزىنىڭ يۇرتىنى «جىياشى جىلى» («ئومۇمىي ئەقىدىلەر شەرھىي»دىن) دەپ يازغان. بۇلار ئەمەلىيەتتە بۈگۈنكى «كاشىگەر» (قەشقەر) دېگەن سۆزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئوقۇلۇشىدۇر. دەلىللەشلەردىن قارىغاندا «كايىش» دېگەن سۆز تۈرك تىلىدا «قاشتېشى» دېگەن مەنىدە. «گەر» دېگەن سۆز ئاخىر قوشۇمچىسى قەدىمكى ساك تىلىدا «رايون»، «دۆلەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ (چىشىيەنلىنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي دىيار خاتىرىلىرىگە ئىزاھات»تىن). بۇ تۈرك تىلىنىڭ يەرلىكخەلق تىلى ئورنىغا ئالمىشىش جەريانىدىكى بىر خىل سىڭىشىش ھادىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ مۇشۇنداق ئىككى خىل تىلنىڭ قوشۇلۇشىدىن كاشىغار دېگەن جاي ئىسمى كېلىپ چىققان. ئۇنىڭ مەنىسى ئادەتتە «قاشتېشىدەك گۈزەل ماكان»، يېڭى «مۇقەددەس دۆلەت» دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ.

تاڭ دەۋرىدىكى سۇلېنىڭ مەركىزى بولغان جىياشى

(پەيزاۋات) قورغىنى (يەنى ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ تەكتى ھازىرقى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى ئەمەس) بىلەن سۇلې بازىرىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بىر بولۇش كېرەك. «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»دە «سۇلې بازىرىنىڭ جەنۇب، شىمال، غەرب ئۈچ تەرىپىدە تاغ بار، قەلئە ئوتتۇرىدا، قەلئەنىڭ شەرق تەرىپىدە خەنچېڭ قورغىنى بولۇپ، ئۇ مۇ دەريا ساھىلىغا جايلاشقان، قىزىلدەرياسى سۇلېنىڭ غەربىدىكى قارلىق چوققىدىن باشلىنىپ، شەھەرنىڭ غەربىگە كەلگەندە بۆلۈنۈپ ئاقىدۇ. شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىغا كەلگەندە يەنە قوشۇلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. مۇشۇنىڭغا ئاساسلانغاندا سۇلې بازىرى بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرققە 28 كىلومېتىر كېلىدىغان خانۇي قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئورنىدا بولۇش كېرەك. ئەينى چاغدىكى قىزىلدەرياسى غەربتىن ئېقىپ كېلىپ، بۇ شەھەرنى ئىككى تارماق ئېقىنىنىڭ قوينىغا ئالاتتى. خانۇي قەدىمكى شەھىرىنىڭ مەدەنىي كونا ئىزى خېلىلا زور ئىدى، پۈتكۈل كونا ئىز شەرقتىن غەربكە 10 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئالتە كىلومېتىر، يەر مەيدانى 60 كۋادرات كىلومېتىر كېلەتتى. كونا ئىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چاسا شەكىللىك كىچىك قەلئە بار ئىدى، قەلئەنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 9000 كۋادرات مېتىر بولۇپ، چۆرىسىدە 7 چى قېلىنلىقتا سوقما سېپىل تام، قەلئەنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدە بىر زەمبىرەك پوتەيى بار ئىدى: شەرقىي جەنۇب ۋە غەربىي شىمال تەرىپىنىڭ ھەرقايسىدا بىردىن 5 چى كەڭلىكتە سېپىل دەرۋازىسى ئېچىلغان. كىچىك قەلئە ئەۋەتتە سۇلې پادىشاھى بىلەن نازارەتمەھكىمىسىنىڭ

غەربىي-سىياسىي ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان مەركىزى. قەلئە ئەت-
راپىدىكى خارابىلىقلار ئەينى ۋاقىتتىكى سودا - سانائەت
ۋە ئاۋات ئاھالە رايونلىرى بولسا كېرەك. ئەمدى سۈلىپ ئار-
مىيىسىنىڭ ئەسكەرلىرىگە كەلسەك، ئاساسلىقى مۇشۇ شەھەرنىڭ
شەرقىدىكى خەنچەڭدا تۇرغان.

سۈلىپنىڭ بۇددا دىنى ئىشلىرى تاڭ دەۋرىدە تازا گۈللەنگەن
باسقۇچقا يەتكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجى زەئىپلىشىشكە
باشلىغان. مىلادى 644 - يىلى تاڭشۇەنزاڭ بۇ جايدىكى بۇددا
دىنىنىڭ گۈللەنگەن ھالىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:
«بۇددا ئەقىدىلىرىگە سادىقەتمەنلىك بىلدۈرۈپ، پاراۋانلىق
ئىشلىرى ئەۋج ئالغان، بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بىر قانچە
100 گە يېتىپ، راھىبلار 10 مىڭدىن ئاشقان. بۇددا ماھىيانا
قىسمىنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىدىكەن» («بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى
غەربىي دىيار ماتىرىياللىرى»). ئەينى ۋاقىتتا بۇددا مەدەنىيىتى
بىلەن نامى چىققان كۇسەن (كۇچار)، ئۇدۇن (خوتەن) دىن ئىبارەت
ئىككى ئورۇندىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ھەر قايسىسىنىڭ 00
دىن ئاشمايتتى. راھىبلىرى ھەر قايسىسىنىڭ ئاران 5000 ك-
شىدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭ كۆلىمى سۈلىپتىلا
يېرىمىغىمۇ يەتمەيتتى. 690 - يىلى ۋۇزېتيەن پۈتۈن مەملى-
كەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا «دايۈن دەستۇرى»نى تارقاتتى
ھەمدە ھەرقايسى ئوبلاستلارنىڭ دايۈن ئىبادەتخانىسى سېلىشىنى
بۇيرىدى. سۈلىپ نازارەت مەھكىمىسى پەرمانغا بىنائەن
بۇ چاغدا 10 نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، غەربىي دىيار-
غا داڭ كەتكەن قەشقەر دايۈن بۇتخانىسىنى ياساتقان، ئۇنىڭ
خارابىلىرى يېقىندا بايان قىلىنغان خانۇي قەدىمكى شەھەرد-

نىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى دەريا قىرغاقلىرىدىكى يار. بويىدا ئىدى. ساقلىنىپ قالغان ئىككى مۇنارنىڭ قالدۇقى ھازىرمۇ بار، كىشىلەر ئۇنى موراتىم دەپ ئاتىشىدۇ. 8- ئەسىردىن كېيىن، ئەرەب ئىسلام غازاتچى قوشۇنلىرى شەرققە ھۇجۇم قىلغاندا ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇچى سۇلىغا يېتىپ كەلگەن، بۇ جايدىكى بۇددا دىنى زەربىگە ئۇچراپ ئەھۋالى كۈندىن - كۈنگە خارابلاشتى. 727 - يىلى چاۋشەن مىللىتىدىن چىققان راھىپ خۇيچاۋ غەربىي دىيارغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، كۇچار، خوتەن توغرىسىدا توختالغاندا، ئۇ يەردە «بۇتخانا ۋە راھىپلار ئىنتايىن كۆپ ئىكەن» دېسە، سۇلې ھەققىدە پەقەتلا «بۇتخانا ۋە ئىبادەتخانىلار بار ئىكەن» («ھىندىستانغا بېرىشتىن رىۋايەتلەر») دەپلا بايان قىلىنغان. بۇنى 80 يىلنىڭ ئالدىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئاسمان - زېمىن پەرق ھاسىل بولغان.

ئوتتۇرا جۇڭگوغا داڭ كەتكەن سۇلې ئەلنەغمىسى مىلادى 5- ئەسىردىن باشلاپ ئىچكىرىدىكى تارقىلىشقا باشلاپ، ئىچكىرىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. «سۈينامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، سۇلېنىڭ سازلىرى «ئۆرەغون (تىك غوڭقا)، بەرباپ، راۋاپ، نەي، بالامان، داپ، بەل دۇمبىقى، ناغرا، جەملىي دۇمبىقى قاتارلىق 10 خىلدىن ئىبارەت بولۇپ، 12 كىشى بىر ئوركېستىر بولاتتى». تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە سۇلې ئەلنەغمىسىنىڭ ئىچكىرىدىكى مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن ئىككى كىشى چىققان. ئۇنىڭ بىرى، جېنگۇەن يىللىرى (629—949) دىكى تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ سازەندە ئۇستازى پېي شىنفۇ، ئۇنىڭ مۇھىم تۆھپىسى، بەرباپنى زەخمەك بىلەن چالىدىغان ئەنئەنىۋى چېلىش ئۇسۇلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بارمىقى

يىلەن چېكىپ چېلىشنى بىرىنچى بولۇپ كەشىپ قىلدى. بۇ بەر-
باپ چېلىش تېخنىكىسىنى بېيىتىش، راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم
ئەھمىيەتكە ئىگە. قەدىمكى بو سۈلې مۇزىكانتلىرىنىڭ
ۋەتىنىمىزنىڭ چالغۇ ئەسۋابى ۋە كۈي سەنئىتىگە قوشقان
بىر مۇھىم تۆھپىسىدۇر. فېيشىنفۇ يەنە بىر مۇزىكا ئىجاتچىسى
ئىدى. «تاڭ سۇلالە ئومۇمى كىلاسسىكلىرى» دا خاتىرىلىنىشىچە،
تەيزۇڭ جېنگۈەن يىللىرىنىڭ ئاخىرى، فېيشىنفۇ دېگەن كىشى-
نىڭ بەرباپنى كارامەت پەيزى چالغانلىقىنى كۆرگەن، ئۇنىڭ
دەسلەپكى بىردىنبىر ئىجادىيىتى «ئۆكتەملەردىن غالىپ كې-
لىش»، «ئوتتىكى سومروغ»، «قىڭغىر رومكا كۈيى» دېگەن
ئۈچ مۇزىكا بولۇپ، ئاھاڭى چىرايلىق «تەيزۇڭنى خۇشال
قىلغانىدى». بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئوتتىكى سىمروغ» نىڭ
ئاھاڭى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىدا ئۆزگەرتىلگەندىن
كېيىن، كەڭ تارقالغانىدى. يەنە بىرى: تاڭ سۇلالىسىنىڭ
جېنيۈەن يىللىرى (785—805) تاڭ ئوردىسىدا ئوتتۇرىغا چىق-
قان سۇلېلىق مۇزىكانت فېيشىڭنۇ دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ
بەرباپ چېلىشتا بەكمۇ داڭلىق ئىدى.

سۇلېلىق بۇددا دىنى ئالىمى پىرخۇيلان مەدەنىيەت، ئىلا-
ھىي مۇھاكىمە جەھەتتە قەدىمكى سۇلېغا شان - شەرەپ
كەلتۈرگەنىدى. پىرخۇيلان (737 - 820 يىللار) ياش چېغى-
دىلا تاڭ سۇلالىسىنىڭ چاڭئەن شەھىرىدىكى شىمىڭسى ئىبا-
دەتخانىسىغا بېرىپ دىن تارقاتقان، ئۇ ئاتاقلىق باش راھىپ
ئىدى. ئۆز ھالىتىنىڭ مەدەنىيىتىدىن تاشقىرى يەنە خەن-
زۇچە تارىخىي كىتابلار ۋە سانسكرىت يېزىقىدا يېزىلغان بۇد-
دا كىلاسسىكلىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن. ئۇ 25 يىل ۋاقىت

سەرپ قىلىپ خەنزۇچە 100 توملۇق «ئومۇمىي ئەقىدىلەر شەرھى» دېگەن كىتابىنى تۈزگەن. بۇ كىتاب يالغۇز بۇددا كىلاسسىكلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن ئىزاھاتلارنى ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، بەلكى مول تىل-ئەدەبىيات بىلىملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى تارىخ، جۇغراپىيە، ماددىي مەھسۇلاتلار، ئاھالە ئەھۋالى ۋە ئۆرپ-ئادەتكە ئائىت زور مىقداردىكى نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللار يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ئىدى. كېيىنكىلەر بۇ كىتابنى «قېتىرقىنىپ يېزىلغان، دېيىلمىگەن گۈزەللىك يوق» دەپ ماختىغان. ئەينى ۋاقىتتا ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىدا زور تەسىر كۆرسەتكەن. ھەمدە چاۋشيەن، ياپونىيە ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى خەنزۇچە يېزىق ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان نۇرغۇن مەملىكەت ۋە رايونلارغىچە تارقالغانىدى. بۇ قەدىمكى سۈلى ئالىملىرىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان بىر چوڭ تۆھپىسىدۇر.

## خارابى تاڭ دەۋرىدىن سۇڭ دەۋرىگىچە — قاراخانىلار خاندانلىقى

قاراخانىلار خاندانلىقى ( 840 - 1211 يىللى) زامانى، يالغۇز قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا ئەڭ شانلىق دەۋر بولۇپلا قالماستىن، قەشقەرنىڭمۇ تارىخىي ئورنى جەھەتتە يۇقىرى پەللىگە يەتكەن باسقۇچ ئىدى.

مىلادى 840- يىلى، ئەسلىدە دۆلىتىمىز قۇملۇقىنىڭ شىمالىي يايلاقلىرىدىكى سېلىنگا دەرياسى بىلەن ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خانلىقى، ئۇرۇش ۋە ئاچارچىلىق

تۈپەيلىدىن ئۈچ پارچىغا بۆلۈنۈپ غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ زور بىر پارچىسى 15 قەبىلە بولۇپ، خان جەمەتىدىن چىققان پان تېكىننىڭ يېتەكچىلىكىدە غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى يەتتە سۇ رايونىغا كىرىپ، ئۆزلىرىدىن بالدۇر شۇ يەرگە كەلگەن ۋە ئوخشاشلا تۈرك تىلى بىلەن سۆزلىشىدىغان قارلۇقلارنىڭ ۋە قەشقەرنى مەركەز قىلغان ياغمىلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەپرىقچىلىق ئورنىنى تەدرىجى ئىگەللىدى، شۇ ئارقىلىق بالاساغۇن (ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئاق پېشىم) نى مەركەز، تالاسنى قوشۇمچە پايتەخت قىلغان قارا خانىلار خاندانلىقىنى قۇردى. پان تېكىن دۆلەت قۇرغان تۇنجى قاغان بولدى، كېيىنكىلەر ئۇنى بىلگە قادىرخان دەپ ئاتىدى.

«قارا» سۆزى، تۈرك - ئۇيغۇر تىلىدا قارارەڭ دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ، بۇ تۈركلەرنىڭ قارا رەڭگە بولغان چوقۇنۇشىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، قەدىمكى خەنزۇچە تارىخنامىلاردا «قارا خان» دەپ مەنىسى بويىچە تەرجىمە قىلىنغان. «قارا» سۆزى يەنە «مۇقەددەس»، «قۇدرەتلىك» دېگەن مەنالارنىمۇ بىلدۈرەتتى. ئەڭ قۇدرەت تاپقان دەۋرلەردە، خاندانلىقنىڭ چېگرىسى شەرقتە دۇنخۇاڭ (دۆڭقوتان) غا، غەربتە بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسىغىچە، شىمالدا بالقاش كۆلىگىچە، جەنۇبتا كۇئېنلۇن تاغ تىزمىلىرىغىچە يېتىپ بارغانىدى. بىلگە قادىرخان ئۆلگەندىن كېيىن خاندانلىقتا قوش خانلىق تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى، چوڭ ئوغلى بازىر چوڭ خان بولۇپ، بالاساغۇندا تۇردى. خانلىقنىڭ نامىنى ئارسلان (شىر)

خان دەپ ئاتىلدى؛ كىچىك ئوغلى ئوغۇلچاق قوشۇمچە خان بو-
لۇپ تالاس شەھىرىدە تۇردى، خانلىقنىڭ نامىنى بۇغرا (ئەركەك
تۆگە) خان دەپ ئاتىلدى. شىر بىلەن بۇغرا خاندانلىقنىڭ تۆتې-
مى قىلىندى.

893- يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا ئامۇ دەرياسىنىڭ
جەنۇبىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سامانىلار
خانلىقى شۇ چاغدا ئۆزى بىلەن باشقا دىندا بولغان ۋە تېخى
ئانچە قۇدرەت تاپمىغان قاراخانىلار خاندانلىقىغا ھەربىي
ھۇجۇم قوزغاپ، تالاس شەھىرىنى بېسىۋالدى. خاندانلىقنىڭ
قوشۇمچە خانى ئوغۇلچاق ئالدىراپ - تىنەپ شەرققە چېكىنىپ
تەختىنى قەشقەرگە يۆتكىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 300 نەچ-
چە يىل جەريانىدا، بۇ خاندانلىقنىڭ كۆپ قىسىم تارىخىي
ئەھۋالاتى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، دىن مەركىزى
بولغان قەشقەر بىلەن زىچ باغلىنىپ كەلدى.

خاندانلىقنىڭ تارىخىدىكى ئەڭ زور ۋەقە، قەشقەرنى بى-
رىنچى بازا قىلىپ ئىسلام دىنىنى رەسمىي كىرگۈزۈپ، مەزكۇر
خاندانلىقنى جۇڭگودا بىرىنچى بولۇپ تۈرك- ئۇيغۇرلاردىن
تەركىب تاپقان ئىسلاملاشقان يەرلىك ھاكىمىيەتكە ئايلاندۇ-
رۇشتىن ئىبارەت بولدى. 905- يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، ئوت-
تۇرا ئاسىيادىكى سامانىلار خانلىقى شاھزادىسى سىياسىي پاناھ-
لىق ئىزدەپ قەشقەرگە قېچىپ كەلدى، ئوغۇلچاق كۈچ توپلاپ
ئۆزىنىڭ رەقىبى سامانىلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن، بۇ شاھزا-
دىنى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى نەچچە ئون كىلومېتىر كې-
لىدىغان ئاتۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى ھەمدە ئۇنىڭ بىر ئىس-
لام مەسچىتى سېلىشىغا رۇخسەت قىلدى. خانلىقنىڭ سابىق چوڭ

خاقانى بازىرنىڭ ئوغلى، ئوغۇلچاقنىڭ جىيەن ئوغلى سۇتۇق ھىلىقى قاچقۇن شاھزادىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىسلام دىنىغا ئۆتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشى قوزغاپ ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن باش تارتقان ئوغۇلچاقنى ئۆلتۈرۈپ، 915- يىلى قەشقەردە قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ چوڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇردى، مانا بۇ تارىختىكى مەشھۇر سۇتۇق بۇغراخاندۇر.

سۇتۇق بۇغراخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن 40 يىل جەريانىدا، خاندانلىق چېگرىسى ئىچىدە ئىسلام دىنىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدى. قەشقەردىكى ئەزەلدىن بار بولغان بۇددا دىنىي كۈچلىرى ۋە شىمالدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى، جەنۇبتىكى ئۇدۇندىن ئىبارەت ئىككى چوڭ بۇددا ھاكىمىيىتى بىلەن بولغان زىددىيەت كۈنسايىن كەسكىنلىشىپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدا بىر قانچە ئەسىر سوزۇلغان دىنىي ئۇرۇشلارنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى تۈرك - ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاخىرقى ھېسابتا بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنىڭ بىسمىللاسىنى باشلىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇ 942- يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا لەشكەر چىقىرىپ سامانىلار پادىشاھلىقىنىڭ قولىدىن تالازنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قايتۇرۇۋالدى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا زېمىنىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، قاراخانىلار خاندانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، قۇدرەت تاپتۇرۇشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئىشلىرى ئۈچۈن ئاساس سالدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ قەشقەرنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك تېزلىك بىلەن گۈللىنىپ تەرەققىي تاپتۇردى.

955- يىلى سۇتۇقنىڭ ئوغلى مۇسا ئارسلانخان قەشقەردە تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. 960- يىلى مۇسانىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا خاندانلىق تەۋەسىدىكى 200 مىڭ ئۆيلۈك، بىر مىليونغا يېقىن تۈرك ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدى، ئىسلام دىنى رەسمىي تۈردە خاندانلىقنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ جاكارلاندى. قەشقەرنى مەركەز قىلغان قارا خانىلار خاندانلىقى شۇ يىلى خەلقئارا ئىسلام دۇنياسى تەرىپىدىن رەسمىي ئېتىراپ قىلىندى. 963- يىلىدىن باشلاپ ئۇدۇن (خوتەن) بۇددا ھاكىمىيىتى قارا خانىلار خاندانلىقىنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشى قوزغاپ، ئوردۇكەنت قەشقەرگە بىر نەچچە نۆۋەت تېگىش قىلدى. 996 - 998- يىللىرى خوتەن بۇددا ھاكىمىيىتى قەشقەردىكى بۇددىستلارنىڭ باشلىقى نوقتىر دىشىد ئاقساقال بىلەن بىرلىشىپ قەشقەر شەھىرىدە زور كۆلەملىك بۇددىستلار قوزغىلىڭىنى كۆتەردى. گەرچە ھاكىمىيەت بېشىدىكى چوڭ خاقان ئەبۇل ھاسان ئارسلانخان بۇ ئۇرۇشتا قازا تاپقان بولسىمۇ، لېكىن بۇددىستلارنىڭ قوزغىلىڭى ئاخىرقى ھېسابتا باستۇرۇلۇپ، بۇددا دىنى كۈچلىرىنىڭ قەشقەر زېمىنىدا ئۆزلۈكسىز يوقالغانلىقى جاكارلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن خاندانلىقنىڭ چوڭ خاقانى يۈسۈپ قادىرخان مىلادىنىڭ 1009- يىلىدىن بۇرۇن ئۇدۇن بۇددا ھاكىمىيىتىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ بولدى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى قارا خانىلار خاندانلىقىنىڭ زېمىنى ۋە سىياسىي، ھەربىي كۈچى ئومۇميۈزلۈك گۈللەنگەن مەزگىل بولدى.

1032- يىلى يۈسۈپ قادىرخان ئۆلگەندىن كېيىن، قارا خانىلار خاندانلىقىدا ئىچكى جاڭجال يۈز بېرىپ، پەيدىنپەي پار-

چىلىنىش يولىغا قاراپ ماڭدى، ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەش-
قەرنى ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلىپ، شەرقىي قىسىم قارا
خانىلار خاندانلىقى ۋە غەربىي قىسىم قاراخانىلار خاندان-
لىقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ھاكىمىيەت شەكىللەندى؛ ئىك-
كى تەرەپ بەزىدە ھەمكارلىشىپ، بەزىدە دۈشمەنلىشىپ تۇردى.
1072- يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، غەربىي قىسىم خاندانلىق
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سالجۇقلارنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا زاۋاللىق-
قا يۈز تۇتتى، لېكىن قەشقەرنى مەركەز قىلغان شەرقىي قىسىم
خاندانلىق خاقان سۇلايمان بۇغراخاننىڭ باشقۇرۇشى بىلەن،
1074 - 1110- يىللىرى ئۆپچۆرىسىدە، سىياسىي، ئىقتىساد،
ھەربىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ھەر قايسى جەھەتلەردە يەنە
بىر قېتىم مىسلىسىز قۇدرەت تاپتى ۋە گۈللەندى.
1124- يىلى، ئەسلى شىمالىي جۇڭگودا ياشايدىغان كى-
تان لياۋ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاقسۆڭەكى ياللۇغ تاشىن جورجىن
قوشۇنلىرىنىڭ يەكلىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كې-
لىپ، قارا كىتان — غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتىنى قۇردى، قۇز
ئوردو (ئەسلىدىكى بالاساغۇن) نى سىياسىي مەركەز قىلىپ،
ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىغا بولغان
ھۆكۈمرانلىقىنى باشلىدى. شەرقىي قىسىم قاراخانىلار خاندان-
لىقى كۈچ جەھەتتە دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەي باش ئېگىپ ئەل
بولدى. 1128 - يىلى ئۆپچۆرىسىدە، غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتى
قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئىبراھىمنىڭ خانلىق
ئۇنۋانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى «تۈركمەن ئىلىك
(تۈركمەن ۋاڭ)» لىققا بېكىتتى ۋە داۋاملىق قەشقەردە تۇر-
غۇزدى. گەرچە 1158 - يىلى مەزكۇر خاندانلىق ھۆكۈمرانلىر-

رىنىڭ خانلىق ئۇنۋانى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن قاراخانىيلار خاندانلىقى تاكى 1211- يىلىغىچە بولغان بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، ئىزچىل تۈردە غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتىنىڭ بېقىندى دۆلىتى سۈپىتىدە تارىختا كۆرۈنگەن.

13 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، تۆمۈرچىن باشچىلىقىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرى شىمالىي قۇملۇقتا باش كۆتۈرۈپ، ئاسىيانىڭ تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى. چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي ھۇجۇمى ئاستىدا، ئالتاي تاغلىرىغا جايلاشقان نايمان قەبىلىسى يوقىتىلدى. نايمان شاھزادىسى قۇتلۇق 1208 - يىلى غەربىي لياۋغا قېچىپ بېرىپ، 1211 - يىلى غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتىنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. ئالدىنقى يىلى قوشۇن تارتىپ غەربىي لياۋغا قارشى چىققانلىقى سەۋەبىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى خاقانى مۇھەممەت ئىبنى يۈسۈپنى قىز ئوردودىن قويۇپ بەردى. مۇھەممەت قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شۇ جايدىكى يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، مۇشۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ تارىختا ئۇزۇل كېسىل يوقالغانلىقى جاكارلاندى.

قۇرۇلغىنىغا 371 يىل بولغان قاراخانىيلار خاندانلىقى، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا مىسلىسىز چوڭقۇر تەسىر قوزغىغانىدى. مەيلى قەلەم بىلەن ئىدارە قىلىش جەھەتتە بولسۇن ياكى ئەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىش جەھەتتە بولسۇن قاراخانىيلار سۇلالىسى ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. شۇ چاغدىكى خەلقئارا

سەھنىدە، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيالىقلارنىڭ نەزەرىدە، ئۇ سۇڭ خاندانلىقىدىن قالسىلا شەرق زېمىنگىرى ھېسابلىناتتى، لېكىن مەزكۇر خاندانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇن تۇرمۇش كەچۈرگەن قۇملۇق شىمالىدىكى يېلاقلىرى ۋە كېيىن كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان قەشقەرنىڭ جۇڭگو زېمىنى ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىغان، گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيادا زېمىنىنى كېڭەيتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا قاراخانىلار سۇلالىسىنى جۇڭگونىڭ بىر يەرلىك ھاكىمىيىتى دەپ قارىغان. بۇ نۇقتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، خاندانلىق خاقانلىرىنىڭ ئۇنۋانىنىڭ ئالدىغا ھەمىشە «تاۋغاچخان» دېگەن ئۇنۋاننى قوشاتتى، بۇنىڭ ئېنىق مەنىسى «جۇڭگو خانى» دېگەننى بىلدۈرەتتى. خاندانلىقنىڭ جۇغراپىيە ئەسەرلىرىدە تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرا جۇڭگو تۈزلەڭلىكىنى «يۇقىرى چىن»، قەشقەرنى مەركەز قىلغان خاندانلىق خەرتىسىدىكى جايلارنى «تۆۋەن چىن» دەپ ئاتاپ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى جۇڭگو - چىندىن ئىبارەت بىر چوڭ ئائىلىنىڭ ئەزالىرى قىلغان.

سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە، قاراخانىلار سۇلالىسى ئوتتۇرا جۇڭگو بىلەن ئۇزۇن مۇددەت قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى. 933 - يىلى يازدا، سۇتۇق بۇغراخان دۆلىتىمىزنىڭ شىمالىي جۇڭگودىكى لياۋ خاندانلىقىغا تۇنجى ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى، 940 - يىلى لياۋ خاندانلىقى ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ جاۋابەن زىيارەت قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، 1068 - يىلىغىچە، لياۋ خاندانلىقىغا جەمئىي 16 قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى. 1009- يىلى يۈسۈپ قادىرخان

سۇڭ سۇلالىسىغا تۇنجى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتكەنىدى. 1088 - يىلىغىچە سۇڭ سۇلالىسىغا جەمئىي 50 نەچچە قېتىم ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. بەزىدە، بىر يىل ئىچىدە بىر قانچە قېتىم ئەۋەتتى. 1064 - يىلى خاندانلىقنىڭ باش ئاقساقىلى توغرۇل قاراخان مەھمۇت سۇڭ سۇلالىسىغا قەشقەردىن ئەلچى كىرگۈزگەندىن كېيىن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ رېنزۇڭ خانى جاۋجىن ئەلچىلەرنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئۇنىڭغا «سادىق ئىتائەتمەن ئالتۇن قاناتلىق قاراخان» دېگەن ئۇنۋان بەرگەن. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش جەريانىدا قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تۆھپىسى ئوخشاشلا ئۆچمەستۇر.

قاراخانىلار سۇلالىسى پايتەختىنى قەشقەرگە مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى بالاساغۇن ۋە سەمەرقەنتتىن پەرقلەندۈرۈش، سىياسىي ھاكىمىيەت مەركىزىلىك ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن، كىشىلەر قەشقەرنى «ئوردو كەنت» يەنى خان شەھىرى دەپ ئاتايدىغان بولدى («تۈركىي تىللار دىۋانى» غا قارالسۇن). قەشقەر قەدىمكى شەھىرىنىڭ بۇ چاغدىكى ئورنى يەنىلا ھازىرقى خانئۆي قەدىمكى شەھىرى ئەتراپىدا ئىدى. «خانئۆي» تۈرك - ئۇيغۇر تىلىدا «خان سارىيى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھازىرقى قەشقەر شەھەر رايونىدىكى چاسا، ياۋاغ ئىككى چوڭ ئاھالە رايونىمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئوردا كەنتىنىڭ ھەمرا شەھىرى بولۇپ، ئاھالىسى كۆپ، ئىقتىسادى گۈللەنگەنىدى. تەخمىنەن خانلىقنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، خانئۆي سۇ ئاپىتى ۋە ئۇرۇش بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ تەدرىجى غەربكە يۆتكەلدى.

بۇ دەۋردە قەشقەرنىڭ ئاھالىسى، بۇرۇنقى كۆپسانىدىكى

تۈركلەشكەن يەرلىك خەلقتىن باشقا، يەنە تۈرك تىلىدا سۆز-
لىشىدىغان خېلى كۆپ سانلىق ئۇيغۇر، ياغما، قارلۇقلارمۇ قو-
شۇلدى. گەرچە شەھەر ئەتراپىدا يەنە سوغدى تىلى (يەنى
كەنچەك تىلى) دا سۆزلىشىدىغان ۋە قەدىمكى يەرلىك شىۋى-
دا سۆزلىشىدىغان بىر مۇنچە كەنتلەر بولسىمۇ، لېكىن ئوردو
كەنتتە ۋە بارلىق رەسمىي سورۇنلاردا ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر
يېزىقىنى، يەنى خاقانىيە تىل - يېزىقىنى قوللىنىش شەرت ئى-
دى. ئىسلام دىنى قەشقەرگە رەسمىي تارقىلىپ كىرگەندىن كې-
يىن خانلىقنىڭ يۇقىرى قاتلام زاتلىرى ئارىسىدا ئەرەب ۋە
پارىس تىللىرىمۇ ئېقىپ يۈردى، يېزىقىمۇ ئۇيغۇر يېزىقىدىن
ئەرەب يېزىقىغا ئۆزگەردى. تەرەققىياتنىڭ ئاخىرقى نەتىجى-
سى بولسا قوللانغان تىل - تۈرك - ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلى-
دى، لېكىن يېزىقنىڭ ئورنىنى تامامەن ئەرەب يېزىقى ئىگى-
لىدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ روھى ئېتىقاد جەھەتتە پۈتۈنلەي
ئىسلاملاشتى، ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرىمۇ ئەرەبلىشىشكە باش-
لىدى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەڭ ئېپتىدائىي
شەكلىمۇ قەشقەردە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ يۈزلىنىش مى-
لادىنىڭ 14 - ئەسىردىن كېيىن پۈتكۈل تەڭرى تېغىنىڭ جە-
نۇب ۋە شىمالىنى قاپلىدى، قەشقەر تىلى ۋە قەشقەر يازمائە-
دەبىياتىنى ئۆلچەم قىلغان بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتى
16 - ئەسىردىكى شىنجاڭدا پۈتۈنلەي شەكىللىنىپ چىقتى.

قاراخانىلار دەۋرىدە ئۇيغۇر قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ
تەرەققىياتى ئىنتايىن پارلاق باسقۇچقا كىردى، جۈملىدىن
يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇت قەشقىرىلەر ئايرىم - ئاي-

رىم ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئۆلمەس مەشھۇر ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشتى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى يالغۇز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىمۇ بىباھا گۆھەردۇر.

خانلىقنىڭ غەربىي پايتەختى بالاساغۇندا ئاتاقلىق ئەرباب ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان يۈسۈپ، ياش چېغىدىلا قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىگە كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. مىلادى 1069- يىلىدىن 1070- يىلىغىچە ئۇ 18 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 85 باب، 13290 مىسرالىق شېئىردىن تۈزۈلگەن ئۇزۇن داستان «قۇتادغۇ بىلىك» نى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىپ چىقىپ، شەرقىي قىسىم خانلىقنىڭ سۇلتانى سۇلايمان بۇغراخانغا تەقدىم قىلىپ، «خاس ھاجىپ» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. شۇندىن ئېتىبارەن شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ دېگەن نام بىلەن دۇنياغا تونۇلۇپ كەلگەن. داستاننىڭ مەزمۇنىنى يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا خۇداغا ھەمدۇ سانا ۋە پەيغەمبەر چارىيارلارغا مەدھىيە ئوقۇلغان، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئادىل، دانا، ئىنساپلىق بولۇشىغا پەندى - نەسىھەت قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئەينى چاغدىكى ھەر قايسى كەسىپ، ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ ئەمەلىي رولىنى تەھلىل قىلىنغان ۋە باھا بېرىلگەن. ئەسەردە سىمۋول خاراكتېرلىك تۆت پېرسوناژ ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگ ئارقىلىق يۇقىرىقى مەزمۇنلار چوڭقۇر ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن مۇلاھىزە قىلىنغان. ئەسەر ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەسنىۋى شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۈچۈن بىر - بىرىگە قاپىيىلىشىپ كېلى-

دىغان قوش مىسرالىق نەسرى شەكلىنى باشلاپ بەردى. پۈ-
تۈن داستاننىڭ ئىدىيىسى چوڭقۇر، جۈملە شەكلى گۈزەل، قا-
پىيەلىرى پۇختا، ماھارەتتە پىششىق بولۇپ، ئىنتايىن يۇقى-
رى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇ يەنە
ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئوتتۇرا قەدىم دەۋرىدىكى سىياسەت،
ئىقتىساد، قانۇن، ئەخلاق ئۆلچىمى، پەلسەپە، تارىخ، مەدە-
نىيەت، دىن، شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى تە-
رەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، بىلىم-كۈچ ۋە بەخت دېگەننى
زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىدۇ. سىياسىي ئىسلاھاتنى تەشەب-
بۇس قىلىپ، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، سودا قاتارلىق ھەم-
مە كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بېرىدۇ. ئەينى ۋاقىت-
تىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يىپەك يولىغا تايىنىپ ئىقتى-
سادىي مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللان-
غانلىقىنىمۇ شائىر قىزغىن مەدھىيىلىگەن. «قۇتادغۇ بىلىك»
داستانى بەدىئىي قىممەتكە ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە
بولۇپ، ئۇيغۇر قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىدا قەد كۆتۈرۈپ
تۇرغان تۇنجى ئەدەبىي نامايەندە، ئۇ كېيىنكى دەۋردىكى
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس
سېلىپ بەردى، شۇنداقلا ئۈچ ئەسىردىن كېيىن مەيدانغا كەل-
گەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىدىكى «قەشقەر دەۋرى»
ئۈچۈن زۆرۈر شەرتلەرنى ھازىرلاپ بەردى. بۇ داستان ئەينى
ۋاقىتتا ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە كەڭ تارقالغان بولۇپ، ھازىر-
غىچە مۇكەممەل قوليازمىسىدىن ئۈچ نۇسخا ساقلىنىپ قالغان،
ئۇلار ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋېنا نۇسخىسى، ئەرەب يېزىقىدىكى
پەرغانە ۋە قاھىرە نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت. ئىران، ئافغا-

نىستانلاردا داستاننىڭ پارچىلىرى تېپىلغان. چەتئەللەردە داستاننى رەتلەش، تەتقىق قىلىش خىزمىتى مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا باشلانغانىدى، 1979 - يىلدىن كېيىن دۆلىتىمىزدە مۇ بۇ خىزمەت چىڭ تۇتۇپ ئىشلەنمەكتە. 1986 - يىلى 9 - ئايدا قەشقەردە مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلغان بولۇپ، بىر مۇكەممەل سىستېمىلىق «قۇتادغۇ بىلىك» شۇناسلىق دۆلىتىمىزدە دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ 11 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا دۇنيادىن ئۆتكەن بولۇپ، 70 يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەن، ھازىر قەشقەر شەھەرلىك 12 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ غەربىي شىمالىي يېنىدا بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ مازىرى بار.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىسمى ئۇنىڭ تۇغۇلغان يېرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئۇ قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بوۋىسى ھۈسەيىن شەرقىي قىسىم خاندانلىقىنىڭ خاقانى ئىدى. مىلادىنىڭ 1058 - يىلى ئوردىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق قانلىق سىياسىي ئۆزگەرىشتىن كېيىن بوۋىسى بىلەن دادىسى زىندانكەشلىككە ئۇچرىدى، ئۇ ئۆزى يالغۇز قەشقەردىن قېچىپ چىقىپ، 10 نەچچە يىل ئىچىدە ئەگرى تېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىنى كېزىپ، ھەر قايسى جايلاردىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى، تارىخىي ئۆزگىرىشى، ئىقلىمى، ئادەملىرىنىڭ مىجەز - خۇلقى ۋە تاغ - دەريالىرىنى تەكشۈردى؛ 11- ئەسىر 60- يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا ئەينى چاغدىكى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى باغداتقا بارغان. مەھمۇت

قەشقەرى كىچىكىدىلا قەشقەر خانلىق مەدرىستە بىلىم ئالغان، ئەرەبچە ۋە پارىسچىنى پىششىق بىلەتتى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئۇزۇن ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان ئىدى. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئاڭ شەكتەي ساھەسىدە، بولۇپمۇ تىل - يېزىق، ئەدەبىي - سەنئەت جەھەتلەردە ئەرەبلىشىش خاھىشىنىڭ كۈنسايىن ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - مەدەنىيىتىنىڭ پاكلىقىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ زور تۈركۈمدىكى بىرىنچى قول ماتېريالىنى ئۆزى شەخسەن ئىگىلىگەندىن كېيىن، 1072 - 1077 يىللىرى باغداتتا ئەرەب يېزىقى بىلەن دۇنيا بويىچە تۇنجى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تۈزۈپ چىقىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئابباسىلار خاندانلىقىنىڭ خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلغان. بۇ ئارقىلىق نۇر چاقناپ تۇرغان شانلىق تۈرك - ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئىسلام دۇنياسىغا تونۇشتۇردى. بۇ لۇغەت بىزنى 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تىلى، يېزىقى، ئىرقى، تارىخى، ئۆرپ - ئادىتى، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، يېزا ئىگىلىك، قول سانائەت، تىبابەت ۋە سىياسىي، ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى مول بىلىملەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنى بىر ئومۇمىي پەنلەر قامۇسى دېيىشكە بولىدۇ. دىۋانىغا جەمئىي 7500 سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ جۇغراپىيە قىسمىدا خاندانلىقنىڭ زېمىنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆزى تۈزگەن جۇغراپىيىلىك خەرىتىسىمۇ قوشۇمچە قىلىنغان. دىۋانىغا 242 كۇپلېت شېئىر - قوشاق ۋە 200 دىن ئارتۇق ما-

قال ـ تەمسىللەر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، خېلى بەدىئىي قىممەتـ
كە ئىگە. دىۋاندا ئىشتى سۆز ـ ئىبارىلاردىن باشلاپ، تۈرك
تىلى بىلەن ئەرەب تىلى چوڭقۇر ئىنچىكىلىك بىلەن سېلىشـ
تۇرۇپ تەتقىق قىلىنغان، بۇ ياۋروپادا 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاـ
خىرلىرىدا ئاندىن باشلانغان سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقتىن
800 نەچچە يىل بالدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئەينى ۋاقىتتىـ
كى تۈرك تىلى گىراماتىكىسىنى ئىلمىي چۈشىنىش ۋە سىستېـ
مىلاشتۇرۇش جەھەتتە شۇچاغدىكى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. 1266 ـ
يىلى 8 ـ ئايدا، سۈرىيىنىڭ دەمەشىق شەھىرىدە قەشقەرلىك مۇـ
ھەممەت دېگەن كىشى بىرىنچى بولۇپ «تۈركىي تىللار دىۋانى»
نى قولىيازما قىلىپ كۆچۈرگەن بولۇپ، ھازىر تۈركىيە دۆلەتـ
لىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. 1939 ـ يىلدىن كېيىن ئوتـ
تۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ياۋروپادا لۇغەتكە ۋە ئۇنىڭ ئاپتوـ
رىغا دائىر زور تۈركۈمدىكى تەتقىقاتچىلار ۋە مەخسۇس ئەـ
سەرلەر مەيدانغا چىقتى. 1981 ـ يىلدىن كېيىن دۆلىتىمىزدە
«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئۈچ توملۇق ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلى نۇسخىسى نەشر قىلىندى. بۈگۈن بىز يەنە قەشـ
قەر شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 40 نەچچە كىلومېتىر كېـ
لىدىغان ئوپال تېغىدا بۇ ئالىمنىڭ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتـ
كەن جايىنى ئېھتىرام بىلەن كۆرمەكتىمىز.

قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەھمۇت قەشقىرىنىڭ
ئوقۇغۇچىسى (ياكى ئۇستازى؟) جامالىددىن ئىبنىـى مۇغەننا
ۋە ئۇنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ جەۋھىرى، تىلنىڭ ئۇنچە ـ مەرـ
ۋايىتى» دېگەن گىراماتىكا مەخسۇس ئەسىرى، شۇنىڭدەك
12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن ئەما شائىر ئەخمەت ئىبنى

مەھمۇت يۈكنەكى بىلەن ئۇنىڭ داستانى — «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ئىكەنى ئوتتۇرا ئاسىيادا خېلى نامى بار، يۈكنەكى ئۆزىنىڭ ئەسەرىنى «ساپ قەشقەر تىلى بىلەن يېزىپ چىققان»لىقىدىن پەخىرلەنگەنىدى. ئىمام ئابدۇل غاپپار يازغان «قەشقەر تارىخى» 1070 — 1080- يىللىرى پۈتۈپ چىققان بولۇپ، كەم تېپىلىدىغان مەشھۇر تارىخي ئەسەردۇر، ھازىر ئۇنىڭ پەقەت تولۇق بولمىغان پارچىلىرىلا ساقلىنىپ قالغان.

## يۈەن، مىڭ دەۋرىدىكى — چاغاتاي خانلىقى ۋە موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى

چىڭگىزخان تەرىپىدىن بىت - چىت قىلىنغان نايمان شاھزادىسى كۈچلۈك غەربىي لياۋغا قېچىپ بارغاندىن كېيىن 1211- يىلى غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالدى. شۇ يىلى قاراخانىلارنىڭ شەرقىي قىسىم خانلىقىنىڭ سۇلتانى مۇھەممەت ئىبنى يۈسۈپ قەشقەردە قازا تېپىپ، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ يوقالغانلىقى جاكارلاندى. 1212 - يىلىدىن كېيىن ئۇدا تۆت يىل ھەر قېتىملىق كۈزلۈك ھوسۇل پەسلىدە كۈچلۈك شاھزادە قەشقەرگە ئەسكەر ئەۋەتىپ، بۇلاڭ - تالاڭ يۈرگۈزۈپ، ھەربىي تەھدىت ۋە ئاچارچىلىق ئارقىلىق شۇ جايدىكى خەلقنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. 1215 - يىلى كۈزدە، قۇتلۇق قىز ئوردىدا پۈت تىرەپ تۇرالماي پايتەختنى قەشقەرگە كۆچۈرۈپ غەربىي لياۋنىڭ بايرىقىنى ئېلىپ نايمان ھاكىمىيىتىنى قۇردى.

1218 - يىلى ئەتىيازدا، چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ سەردارى

جەبىەلو ياسىنى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ قۇتلۇققا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قۇتلۇق قەشقەردىكى مۇسۇلمانلارغا دەھشەتلىك زىيانكەشلىك قىلدى، ئۆزىنىڭ نايمان ئەسكەرلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىدە قوندۇرۇپ خالىغىنىنى قىلىشقا يول قويۇپ بېرىپ، يەرلىك خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغانىدى. شۇڭلاشقا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بايرىقىنى ئېگىز كۆتەرگەن موڭغۇل قوشۇنلىرى يېتىپ كەلگەندە قەشقەردىكى ئاھالىلەر كەينى-كەينىدىن ئۇلارغا ئەل بولدى، قۇتلۇق ئېلىپ ئېشقىمۇ ئۈلگۈرمەي شەھەرنى تاشلاپ قاچقانىدى. كېيىن موڭغۇل قوشۇنلىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ بەدەخشان تېغىدا تۇتۇپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قەشقەر موڭغۇللارنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

قەشقەر چىڭگىزخان تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان دەسلەپكى چاغلاردا، شەھەر ئىچىدە داروغاچ (نازارەتچى ئەمەلدار) تەسىس قىلىپ باشقۇردى، مەمۇرىي جەھەتتە چىڭگىزخان ئەۋەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق سىياسىيون مەخمۇت يالۋاچ باشقۇردى. 1225 - يىلى ئۆپچۆرىسىدە، چىڭگىزخان تەگرى تېغىنىڭ جەنۇب شىماللىرىنى ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا بۆلۈپ بەردى. قەشقەر شەھىرى چاغاتاينىڭ ئىگىلەيدىغان زېمىنى بولدى. 1238 - يىلى مەخمۇت يالۋاچنىڭ ئوغلى مەسئۇد ئاتىسىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، چاغاتايخانغا ۋاكالىتەن قەشقەر قاتارلىق جايلارنى باشقۇردى، تاكى 1289-يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر يېرىم ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە، مەسئۇت قەشقەردە ئىسلام

دىنىنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئىزچىللىق راۋاجلاندۇرۇپ، قەشقەردە مەسئۇدىيە ناملىق ئىسلام ئالىي مەدرىسىنى ياساتتى، بۇ يەردە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئەڭ كۆپ بولغاندا 1000 غا يەتتى، بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا كۆلىمى ئەڭ زور بولغان ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىن بىرى بولۇپ، قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەشقەر خانلىق مەدرىسى مەدرىس ئاساسىدا كېڭەيتىپ ياسالغان، يەنى ھازىرقى قەشقەر شەھىرى ياۋاغ رايونى تەۋەسىدىكى خانلىق مەدرىسىنىڭ تەكتى ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئەينى چاغدا قەشقەر موڭغۇل ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدىكى نېستورىيان مەزھىپىدىكى كاتولىك دىنىنىڭ 19- دىنىي رايونى قىلىنىپ، قىزىل تونلۇق باشروھانىي بۇ يەردە ئۇزۇن مەزگىل تۇرۇپ تەرىقەت ئۆتكۈزگەن.

1262- يىلىدىن كېيىن قەشقەر چاغاتاينىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بىلەن موڭغۇل ئىمپېرىيە مەركىزىنىڭ تالىشىدىغان مۇھىم تايانچ پونكىتى بولۇپ قالدى.

1264- يىلى قەشقەر زور كۆلەملىك بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچراپ، شەھەر رايونى دېگۈدەك خارابىغا ئايلىنىپ كەتتى، 1274- يىلى ئىتالىيە سایاھەتچىسى ماركوپولو، يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانى قۇبلايخان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن قەشقەردىن ئۆتكەن چېغىدا، بۇ يەردىكى پۇقرالارنىڭ جان باقمىقى ئىنتايىن مۈشكۈللۈك ئىچىدە قالغانلىقىنى كۆرگەنىدى. شۇڭا 1288- يىلىدىن كېيىن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانى قۇبلايخان شۇ جايدىكى بىر قىسىم قول - ساناەتچىلەرنىڭ ھۈنەرنى تاشلاپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈر-

جەبە نويانىنى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ قۇتلۇققا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قۇتلۇق قەشقەردىكى مۇسۇلمانلارغا دەھشەتلىك زىيانكەشلىك قىلدى، ئۆزىنىڭ نايمان ئەسكەرلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىدە قوندۇرۇپ خالىغىنىنى قىلىشقا يول قويۇپ بېرىپ، يەرلىك خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغانىدى. شۇڭلاشقا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بايرىقىنى ئېگىز كۆتەرگەن موڭغۇل قوشۇنلىرى يېتىپ كەلگەندە قەشقەردىكى ئاھالىلەر كەينى-كەينىدىن ئۇلارغا ئەل بولدى، قۇتلۇق ئېلىشىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي شەھەرنى تاشلاپ قاچقانىدى. كېيىن موڭغۇل قوشۇنلىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ بەدەخشان تېغىدا تۇتۇپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قەشقەر موڭغۇللارنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

قەشقەر چىڭگىزخان تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان دەسلەپكى چاغلاردا، شەھەر ئىچىدە دارۇغاچ (نازارەتچى ئەمەلدار) تەسىس قىلىپ باشقۇردى، مەمۇرىي جەھەتتە چىڭگىزخان ئەۋەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق سىياسىيون مەخمۇت يالۋاچ باشقۇردى. 1225 - يىلى ئۆپچۆرىسىدە، چىڭگىزخان تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب شىماللىرىنى ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا بۆلۈپ بەردى. قەشقەر شەھىرى چاغاتاينىڭ ئىگىلىكىدىكى زېمىنى بولدى. 1238 - يىلى مەخمۇت يالۋاچنىڭ ئوغلى مەسئۇد ئاتىسىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، چاغاتاي خانىغا ۋاكالىتەن قەشقەر قاتارلىق جايلارنى باشقۇردى، تاكى 1289-يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر يېرىم ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە، مەسئۇت قەشقەردە ئىسلام

دىنىنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت ئىشلىرىنى نۇقتىلىق راۋاج-
لاندۇرۇپ، قەشقەردە مەسئۇدىيە نامىلىق ئىسلام ئالىي مەد-
رىسىنى ياساتتى، بۇ يەردە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئەڭ كۆپ
بولغاندا 1000 غا يەتتى، بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا كۆلىمى
ئەڭ زور بولغان ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىن بىرى بو-
لۇپ، قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەشقەر خانلىق مەدرىسى
مەدرىس ئاساسىدا كېڭەيتىپ ياسالغان، يەنى ھازىرقى قەشقەر شە-
ھىرى ياۋاغ رايونى تەۋەسىدىكى خانلىق مەدرىسىنىڭ تەكتى
ئىدى. ئۇندىن سىرت موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دىنىي ئەركىن-
لىك سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئەينى چاغدا قەش-
قەر موڭغۇل ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدىكى نېستورىيان مەزھىپىدىكى
كاتولىك دىنىنىڭ 19- دىنىي رايونى قىلىنىپ، قىزىل تونلۇق
باش روھانىي بۇ يەردە ئۇزۇن مەزگىل تۇرۇپ تەرىقەت ئۆتكۈزگەن.

1262- يىلىدىن كېيىن قەشقەر چاغاتاينىڭ كېيىنكى ئەۋ-
لادلىرى بىلەن موڭغۇل ئىمپېرىيە مەركىزىنىڭ تالىشىدىغان
مۇھىم تايانچ پونكىتى بولۇپ قالدى.

1264- يىلى قەشقەر زور كۆلەملىك بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچ-
راپ، شەھەر رايونى دېگۈدەك خارابىغا ئايلىنىپ كەتتى،
1274- يىلى ئىتالىيە ساياھەتچىسى ماركوپولو، يۈەن سۇلالى-
سىنىڭ خانى قۇبلايخان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن قەشقەردىن
ئۆتكەن چېغىدا، بۇ يەردىكى پۇقرالارنىڭ جان باقمىقى ئىن-
تايىن مۇشكۇللۇق ئىچىدە قالغانلىقىنى كۆرگەنىدى. شۇڭا
1288- يىلىدىن كېيىن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانى قۇبلايخان شۇ جاي-
دىكى بىر قىسىم قول - سانائەتچىلەرنىڭ ھۈنەرنى تاشلاپ،
دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈر-

كەن ھەمدە 700 ئۆيلۈك قىرغىزنى قەشقەرنىڭ شەھەر ئەتراپى
رايونىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ بوز يەر ئېچىپ ئىشلەپچىقىرىشنى را-
ۋاجلاندۇرغانىدى.

1306-يىلىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە، چاغاتاي خانىنىڭ كېيىنكى
ئەۋلادلىرىدىن دۇۋاخان، ئەسلى چاغاتاي خانىنىڭ ئىلكىدىكى
كونا زېمىنلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، چاغاتاي خانلىقىنىڭ
رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، ئۇلار يۈەن سۇلالە-
سى بىلەن بىر دەم قوشۇلۇپ، بىر دەم ئايرىلىپ تۇردى. 1309-يىلى
چاغاتاي خانلىقى يەنە شەرقىي، غەربىي ئىككى قىسىمغا پار-
چىلاندى، غەربىي قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىككى دەريا
ئېقىنى رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، شەرقىي قىسمى بۈگۈنكى
تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىسىملىرىدىن ئىبارەت
بولۇپ، قەشقەر شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھەربىي، سىيا-
سىي جەھەتتىكى مەشھۇر مۇھىم جايى ئىدى.

شەرقىي چاغاتاي خانلىقى رەسمىي شەكىللەنگەندىن تار-
تىپ تاكى 16-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان 200 نەچچە يىل
جەريانىدا قەشقەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ھۆكۈمرانى دوغرات
دەپ ئاتىلىدىغان بىر موڭغۇل ئاقسۆڭەك قەبىلىسى ئىدى.
«دوغرات» دېگەن بۇ سۆز موڭغۇل تىلىدا «توكۇر» دېگەن مە-
نىنى بىلدۈرىدۇ، مەزكۇر قەبىلىنىڭ ئاقساقىلى بابدارخان
چىڭگىزخاننىڭ ئۇرۇقداش تاغىسى ئىدى، بابدارخاننىڭ ئوغلى
ئورتۇبە جەڭلەردە قايتا - قايتا خىزمەت كۆرسىتىپ پۈتى يا-
رىلانلىقى ئۈچۈن چىڭگىزخاننىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن،
ئۇنىڭ قەبىلىسى كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ «دوغرات» دېگەن نامى
بىلەن ئاتىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئاقساقال ئورتوبە چىڭ-

گىزخان ئالاھىدە ئىجازەت بەرگەن باشقا موڭغۇل ئاق سۆڭەكلىرى ئىگە بولالمىغان يەتتە خىل ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولاتتى. 1318-يىلى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خاقانى ئېسەن بۇقا ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئورتوبەنىڭ چوڭ نەۋرىسى تۇلەك قەشقەرنى، ئىككىنچى نەۋرىسى بۇراجى ئاقسۇنى ساقلاۋاتاتتى. خانلىقنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاكا - ئۇكا ئىككەيلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چىنچا يايلىقىدىن ئېسەن بۇقا خاننىڭ ئوغلى تۇغلۇق تۆمۈرنى تېپىپ كېلىپ، ئاقسۇدا ئۇنى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانلىقىغا كۆتەردى، بۇنىڭ بىلەن دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەلىدە بار بولغان يەتتە خىل ئىمتىيازدىن تاشقىرى، يەنە ئىككى يېڭى ئىمتىياز قوشۇلدى. 1349-يىلى، تۇلەك ئىسلام دىنىنى يىلتىزى چوڭقۇر بولغان قەشقەردە ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدى؛ ئۇنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا، 1352-يىلى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ سۇلتانى تۇغلۇق تۆمۈرخانمۇ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدى ھەمدە ئۆزىگە قاراشلىق 160مىڭ موڭغۇلنىڭمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىغا مەجبۇرىي بۇيرۇق چۈشۈردى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغاتاي موڭغۇللىرىنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى — ئىسلاملىشىشى رەسمىي باشلاندى.

1363-يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆلدى، تۇلەكنىڭ ئىككىنچى ئىنىسى — كامالىدىن زور كۆلەملىك توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ 18 ئوغلىنى بىر كېچىدىلا قىرىپ تاشلىدى. پەقەت كەنجى ئوغلى قىدىر خوجىنى بوراچىنىڭ ئوغلى ھۇدەيدا قەشقەرگە يوشۇرۇپ قويغاچقا ئۆلۈمدىن ئامان قالدى.

1388 - يىلى، خۇدەيدا قەشقەردە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئوغلى قىدىر خوجىنى يۆلەپ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ سۇلتانلىقىغا كۆتەردى، دوغرات جەمەتىنىڭ ئىمتىيازى 11 خىلغا يەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەشقەرگە مېھرىبانلىق قىلىنىۋاتقان دوغرات قەبىلىسى شەرقىي چاغاتاي خانلىقى (پايتەختى ئىلى ئەتراپىدا) نىڭ ئەمەلىي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلىرىدىن بولۇپ قالدى. بۇ جايدىكى يەرلىك ھاكىمىيەت ئوتتۇرا جۇڭگودىكى مىڭ سۇلالىسى بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە قويۇق ئالاقە ئورناتقان بولۇپ، خۇدەيدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ زور خىزمەت كۆرسەتكەن ۋەزىرى سۈپىتىدە مىڭ خاقانى جۇ يۈەنجاڭ بەرگەن ئۇنۋان ۋە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنىدى.

1389 - يىلى خۇدەيدانىڭ ئوغلى سەيىد ئەخمەت ئاتىسىغا ۋاكالىتەن قەشقەرنى باشقۇرغانىدى. يەرلىك يۇقىرى قاتلام دىندارلار بىلەن كېلىشەلمەي ئىلىغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. قەشقەر مۇشۇ يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلار تەرىپىدىن سەمەرقەنت ھاكىمىيىتىگە ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بېرىلدى. بۇ ئەھۋال ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 40 يىلغىچە داۋاملاشتى. 1429 - يىلى سەيىد ئەخمەتنىڭ ئوغلى سەيىد ئەلى لەشكەر تارتىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، 1432 - يىلى كۆزدە دوغرات قەبىلىسىنىڭ كونا تەۋەلىك زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋالدى. 1457 - يىلى سەيىد ئەلى ئۆلدى، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مەخمۇت ھەيدەر مىرزا 1464 - يىلى قەشقەردە ھۆكۈمرانلىقنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

1483 - يىلى مەخمۇت ھەيدەرنىڭ جىيەن ئوغلى ئابابەكرى

تاغمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ قەشقەرنى تارتىۋالدى ھەم-
دە چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدىن ئاشكارا بۆلۈنۈپ
چىقىپ، قەشقەرنى سىياسىي مەركەز قىلغان ھالدا، تەڭرى
تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىككى دەريا ئارىسى رايونى-
نى ئۆز ئىچىگە ئالغان كاتتا «قەشقەرخانلىقى» نى قۇرۇپ، ئۆزىنى
قەشقەرنىڭ سۇلتانى دەپ ئېلان قىلدى. بۇ چاغقا كەلگەندە
ئاللىبۇرۇن پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلىشىپ بولغان چىڭگىزخاننىڭ
شەرەم تۇغقانلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى دوغرات موغۇل قە-
بىلىسى ھەقىقىي مۇستەقىل بولغان ۋە ئەڭ قۇدرەت
تاپقانىدى.

1514 - يىلى ئەتىيازدا، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ
بىۋاسىتە ئەۋلادىدىن بولغان سۇلتان سەئىد ئوتتۇرا ئاسىي
دا ئىز بېسىپ ئەسكەر باشلاپ كېلىپ ئابابەكرىگە ھۇجۇم
قىلدى، قەشقەر خانلىقىنىڭ بەربات بولغانلىقى جاكارلاندى.
سەئىدخان يەكەننى پايتەخت قىلىپ 164 يىل ھۆكۈم
سۈرگەن يەكەن خانلىقىنى قۇردى، قوشۇمچە پايتەخت
قىلغان قەشقەر ئىزچىل تۇردەخان جەمەتىنىڭ پەرزەنتلىرى تەرە-
پىدىن ساقلاپ كېلىنگەن بولۇپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق
جەھەتلەردە يەنىلا موھىم رول ئوينىغانىدى. 1678 - يىلى
يەكەن خانلىقى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى جۇڭغارىيە
موغۇل خانلىقى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان.

بۇ بىر مەزگىلدە قەشقەردە قەدىمكى شەھەرنىڭ تەرەققى-
ياتى، قاراخانىلار دەۋرىدىكىدىن كۆپ ئاستا بولدى. چىڭگىزخان
قەشقەرنى ئېلىشتىن بۇرۇن، نايمان شاھزادىسى قۇتلۇقنىڭ
دەپسەندە قىلىشى ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغانىدى. موغۇل

يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە، كۆچمەن چارۋىـ
چىلىقنى ياخشى كۆرىدىغان موڭغۇللار شەھەر ئىقتىسادىنىڭ
راۋاجلىنىشىغا ئەھمىيەت بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى تېخى
بۇ رايونلاردا ھەممىشە ئۇرۇش قوزغاپ تۇراتتى. قەشقەر خانـ
لىقى ئابابەكرى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ يەپ
تويىلاس ھۆكۈمران، خەلق ئىچىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش بايـ
لىقلارنى زور مىقداردا بۇلاش ئۈچۈن، قەشقەر شەھەر
ئىچىدە كەڭ كۆلەملىك يەرلەرنى قېزىپ بايىق ئىزدەش
شۇماۋقى بىلەن شۇغۇللاندى، بىر قانچە قېتىملىق ۋەھشىيانە
بۇزغۇنچىلىق نەتىجىسىدە، شەھەر ئىچىدە ھەممە يەر ۋەيرانە
ئەسكى تاملىققا ئايلىنىپ، خىش ـ كېسەك پارچىلىرى بىلەن
توشۇپ كەتكەنىدى، شەھەر سېپىللىرى تامامەن كاردىن چىققتى.
شۇنىڭ بىلەن ئابابەكرى سىياسىي مەركىزىنى تۈمەن دەرياـ
سىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردىن تۈمەن دەرياسىنىڭ جەنۇـ
بىدىكى بۈگۈنكى جايغا كۆچۈردى. يەكەن خانلىقى قۇرۇلـ
غاندىن كېيىن، سىياسىي مەركىزىنى ئەسلىدە قەشقەرگە قويۇش
كېرەك ئىدى، بۇ شەھەر تېخى ماغدۇرىغا كەلمىگەنلىكى سەـ
ۋەبىدىن يەكەننى پايتەخت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. يەكەن
خانلىقى دەۋرىدە، قەشقەر قەدىمكى شەھىرى مۇناسىپ ھالدا
ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. خانلىقنىڭ كېيىنكى
دەۋرلىرى، يەنى ئېلىمىزنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ
دەسلەپىدە، قەشقەر قەدىمكى شەھىرى بۈگۈنكى چاسا ۋە ياۋاغ
ئىككى كوچا باشقارمىسىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، تۆت ئەتراپىدا
سوقما سېپىل بار ئىدى. شەھەر رايونى «يۇمىلاق ئەمەس، تۆت
چاسىمۇ ئەمەس، ئايلانىسى ئۈچ چاقىرىم يەتتە يۈزدىن ئارـ

ئۇقراق كېلەتتى، شەرق ۋە غەرب تەرەپتە ئىككى دەرۋازا، غەرب، جەنۇب ئىككى تەرىپىنىڭ ھەر قايسىسىدا بىردىن دەرۋازا بولۇپ، شەھەر ئىچىدە ئۆيلەر زىچ، كوچىلار ئۇزۇنىغا، توغرىسىغا كېسىشىپ كەتكەنىدى» («ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ تەزكىرىسى» 7 - تومىدىن).

قاراخانىلار سۇلالىسىدىن بۇيان، قەشقەر تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ مەركەزلەشكەن جايىغا ئايلانغانىدى، ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىمۇ بۇ جاينى بۆشۈك قىلىپ بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. يۇەن، مىڭ سۇلالىلىرىدىن كېيىن، يەنە زور مىقداردىكى موڭغۇللار، نايمانلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن بۇ يەرگە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان ئىسلام مىللەتلىرى بۇ جايدىكى تۈركلەر، يەنى ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتتى. يەكەن خانلىقى قۇرۇلغان 16-ئەسىردە بىرلىككە كەلگەن تىل ۋە يېزىقتا، ئورتاق دىنىي ئېتىقاد ۋە ئۆرپ-ئادەتكە ئىگە بولغان ئۇيغۇر مىللىتى رەسمىي شەكىللىنىپ چىقتى، بۇ جەرياندا قەشقەرنىڭ ئوينىغان تارىخىي رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

14 - ئەسىردە قەشقەرلىك شائىر لۇتفى (1366 - 1465) نەزمە ئەدەبىياتىنىڭ «قەشقەر دەۋرى» نى ئېچىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە زور شۆھرەت قازاندى، ئۇ چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى بولۇپ، كېيىنكىلەر تەرىپىدىن « سەنئەت پىرى » ۋە «تىل پادىشاھى» دەپ تەرىپلەنگەنىدى، ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەردىن 2400 مىسرالىق «گۈل ۋە نورۇز» داستانى بولۇپ، ئۇنىڭدا ساپ مۇھەببەت، باتۇرلۇق روھى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك غايىسى

ئىپادىلەنگەن. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقاپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە، قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئىشلىرىدا بىر قەدەر زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. ئۇيغۇر مۇزىكانتلار يەكەن بىلەن قەشقەرنى بازا قىلىپ، دىنىي گۇرۇھلارنىڭ قارشى تۇرۇشى ۋە چەكلىشىگە قارىماستىن خەلق ئارىسىدىكى مۇزىكا مىراسلىرىنى زور كۈچ بىلەن رەتلەپ، يەكەن خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد سۇلتانى ئابدۇرەشىتخاننىڭ كىچىك خانىشى ئامانىساخاننىڭ باشچىلىقىدا، چوڭ تىپتىكى بىر يۈرۈش ئۇيغۇرچە مۇزىكا — مەشھۇر «مۇقام» توپلىنىپ تەھرىرلەپ چىقىلغانىدى، ئۇ تا بۈگۈنكى كۈنگىچە تارقىلىپ كەلمەكتە ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ مۇزىكا خەزىنىسىدىكى ئاجايىپ چىرايلىق بىر گۈل بولۇپ قالماقتا. بۇنىڭدىن سىرت، كىشىلەرگە ھوزۇر بېغىشلايدىغان، مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىمۇ قەشقەردە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىلىرىدا، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا كەڭ تارقالغان، بۇ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە يۇمۇرلىقىنىڭ مۇجەسسەملىنىشى بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارغا قارشى تۇرۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

دوغرات ئاقسۆڭەكلىرىدىن كېلىپ چىققان قەشقەرلىك تارىخشۇناس مىرزا ھەيدەر كوراگان، 1540-يىلى كەشمىردە پارس يېزىقىدىكى بىلەن يېزىپ چىققان ئىككى قىسىملىق «تارىخىي رەشىدىيە»

16- ئەسىر شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدىكى مۇھىم ھۆججەتتۇر،
ئەسەردە بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان چاغا-
تاي خانلىقىنىڭ خاقانى تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن باشلاپ يېزىپ
تاكى يەكەن خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرەشىتخان-
غىچە بولغان ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرىكى ئۇي-
غۇر مىللىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت، ھەربىي
ئىشلار جەھەتتىكى تەرەققىيات تارىخىنى يازغان. دۆلىتىمىز-
نىڭ يۈەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى خەنزۇچە تارىخنامىلىرىنىڭ
غەربىي دىيار تارىخى توغرىسىدىكى بوشلۇقلار تولدۇرۇلغان.
ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا، بولۇپمۇ بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىنىڭ بۇ
بىر باسقۇچلۇق تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىرىنچى قول قىم-
مەتلىك ماتېرىياللارنى ساقلاپ قالغان، ئاسىيا ئىككىنچى چول
قۇرۇقلۇقىدىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر ئۆز دۆلەتلىرىنى
ۋە مىللەتلىرىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغان چېغىدا كەم بو-
سا بولمايدىغان كىتابتۇر. كېيىنكى دەۋرلەردىكى نۇرغۇنلى-
غان ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىرى «تارىخى رەشىدىيە» گە ئا-
ساسلىنىپ ئۆز دەۋرلىرىنىڭ تارىخىنى داۋاملىق يازغان ياكى
تولۇقلاپ يازغان. ئۇنىدىن قالسا، يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچى-
سى سۇلتان سەئىدخان ۋە ئوغلى سۇلتان ئابدۇرەشىتخان قاتار-
لىقلارمۇ شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر شائىرلىرىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ
تەشەببۇسى ۋە ئىلھامى ئاستىدا، قەشقەر رايونىنىڭ ئەدەبى-
يات ئىشلىرى يەنىمۇ بىر قەدەم راۋاجلانغان.

## مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بېشىدىكى ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن خوجىلار ھاكىمىيىتى

ئېلىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە، غەربىي دىيار تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىيا قىسمىغا جايلاشقان يەكەن خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا دىنىي كۈچلەر تېز سۈرئەتتە زورايدى. قەشقەر ۋە يەكەندىكى ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرى قاتلام زاتلىرى ھاكىمىيەتكە پائال قاتناشتى، دىنىي كۈچنى خانلىق ھۆكۈمرانلىقنى يۆگەنلىيەيدىغان مۇھىم كۈچكە ئايلاندۇرۇشقا باشلاپ، بىرقانچە ئەسىرگە سوزۇلغان دىنىي گۇرۇھلارنىڭ تالاش - تارتىش ۋە ئىچكى ۋەزىيەتداۋالغۇپ مۇقىم بولماسلىقنى كەلتۈرۈپچىقاردى.

1570- يىلى يەكەنخانلىقىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلادسۇلتانى ئابدۇكېرىمخان تەختكە چىقىپ، ئاقسۇ ئەتراپىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان جالالىدىن ئىشان بىلەن پۈت تېپىشىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن ۋەلى ئىسھاق ئىسىملىك بىر ئىشاننى يەكەن خانلىقىنىڭ باش ئىشانلىقىغا تەيىنلىدى، ئىسھاق ۋەلى ئۆزىنى ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەتنىڭ 23- ئەۋلادى دېۋېلىپ، ئۆزىنى خوجا ( پەيغەمبەر ئەۋلادى ) دەپ ئاتىدى. ئۆزىنىڭ ھەرىكەتلىنىشى سەۋەبىدىن 17- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، يەكەن خانلىقىنىڭ خان جەمەت كۈچلىرىگە تايىنىپ، ئاقسۇدىكى جالالىدىن گۇرۇھىنى ئۆزلۈكسىز سىقىپ چىقىرىپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي بويىچە ئەڭ كۈچلۈك دىنىي گۇرۇھقا ئايلاندى. 1627- يىلى، يەكەنخانلىقىنىڭ

يەتتىنچى ئەۋلاد خانى ئابدۇللاخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئىسھاق ۋەلى جەمەتىنىڭ ئۈستۈنلۈك ئورنى يۇقىرى پەللىگە يەتتى. 1662- يىلى، ئابدۇللاخاننىڭ چوڭ ئوغلى يولۋاس قەشقەرنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى، يولۋاس بۇرۇندىنلا خانلىقنى تاما قىلىپ يۈرەتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھېچ نەرسىگە قارىماي ئىسھاق ۋەلى جەمەتىنىڭ ئورنى ۋە تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئاپپاق خوجا ۋەكىللىكىدىكى يەنە بىر گۇرۇھ ئىشانلار قەشقەردە باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

ئاپپاق خوجىنىڭ ئەسلى ئىسمى ھىدايىتىللا بولۇپ، دادىسى مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشانلار مەزھىپىنىڭ ئاتاقلىق ئىشانلىرىدىن ئىدى، ئۇ خېلى بۇرۇنلا سەمەرقەنتتىن قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋە ئۆزىنى «خوجا» دەپ ئاتىۋالغان. 1633- يىلىدىن كېيىن، يۈسۈپ خوجا قەشقەردە دىنىي ساھەدە تەسىرى ئەڭ كۈچلۈكلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ يەكەندىكى ئىسھاق ۋەلىنىڭ ئۇرۇق جەمەتىدىن ھەرگىز قېلىشمايتتى. 1640- يىلى يۈسۈپ ئۆلدى، ئۇنىڭ ئوغلى ئاپپاق خوجا قەشقەرنىڭ دىنىي ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئىسھاق ۋەلى جەمەتى بىلەن ئاشكارا دۈشمەنلەشتى، كەڭ تۈردە مۇرىت توپلاپ، ئۆزلىرىنى «ئىشقىيە» دېگەن نام بىلەن ئاتىدى. ئاق تۇغ، ئاق بۆكنى ئۆزىنىڭ بەلگىسى قىلىپ، ئاتالمىش «ئاق تاغلىقلار گۇرۇھى» نى بارلىققا كەلتۈردى؛ يەكەندىكى ئىسھاق ۋەلى ئەۋلادلىرى بۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇپ، ئۆزلىرىنى «ئىسھاقىيە» دېگەن نام بىلەن ئاتاشتى ۋە قارا تۇغ، قارا بۆكنى مۇرىتلىق بەلگىسى قىلىپ «قارا تاغلىقلار» گۇرۇھىنى شەكىللەندۈردى. بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى ماجرا

تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسەت، مەدە-
نىيەت، دىن جەھەتتىكى تارىخىي تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە
تەسىر كۆرسەتتى.

ئىسلام دىنىدىكى ئىشانلار ئەسلى ئىراندىكى شىئە مەز-
ھىپىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، باشتا ئىسلام دىنىدىكى بەلگى-
لىك ئىسلاھات روھىغا ئىگە ئېقىمغا مەنسۇپ ئىدى. 15- ئە-
سىردە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن،
ئۇنىڭ غەلىتە سىرلىق بولۇشى ۋە ھاكىمىيەتكە قاتنىشىش
تاماسى تۈپەيلىدىن يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ
دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، تەدرىجىي ھالدا ھۆكۈمران سى-
نىپلارنىڭ سىياسىي قورالىغا ئايلىنىپ قالدى. ماھىيىتىنى-
ۆرۈشتە قىلىدىغان بولساق، دىنىي ئاق ياكى دىنىي ئەقىدە
بەھەتلەردە، قەشقەردىكى ئاق تاغلىقلار مەزھىپى بىلەن يە-
كەندىكى قارا تاغلىقلار مەزھىپى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق تۈپ
پەرق يوق، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ دىنىي
جەھەتتە بولماستىن بەلكى سىياسىي جەھەتتە ئىدى. مۇرىت-
لىرىمۇ پەقەت ئادەمگە قاراپ ئايرىپ ئۆز ئارا دۈش-
مەنلەشكەن، خالاس.

1662- يىلى قەشقەر باش ۋالىيسى يولۋاسنىڭ يار-يۆ-
لەكتە بولۇشى ئارقىسىدا ئاپپاق ۋە ئۇنىڭ ئاق تاغلىقلار مەز-
ھىپى شىددەت بىلەن راۋاجلاندى. ئاپپاق خوجىنىڭ قوللاپ-
قۇۋۋەتلىشى بىلەن، 1665- يىلى يولۋاس مۇۋەپپەقىيەتلىك
ھالدا ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. 1667- يىلى يولۋاسخان ئۆ-
زىنىڭ ئىنىسى ئىسمايىل تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئىسمايىل-
خان تەختكە چىققاندىن كېيىن قارا تاغلىقلار مەزھىپى يەنە

بىر مۇددەت باش كۆتۈرۈپ، 1671- يىلى ئاپپاق خوجىنى قەشقەردىن سۈرۈپ چىقاردى.

يېڭىباشتىن باش كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپپاق خوجا تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ ياردەم ئىزدىدى. 1677- يىلى ئۇ شىزاڭنىڭ مەركىزى لاساغا كېلىپ دالايلاما V بىلەن كۆرۈشتى. دالاي V ئۇنىڭ قولىدىن كەتكەن ئورنى ۋە ھوقۇقىنى قايتۇرۇپ ئېلىشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەردى. ئاپپاق خوجا دالاي V نىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن خېتىنى كۆتۈرۈپ، چىڭخەي ئارقىلىق تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇللار ھاكىمىيىتى جۇڭغار يېنىغا بېرىپ، غالدانخان بىلەن كۆرۈشتى. غالدان ئەسلىدە دالاي V نىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى، ئۇستازىنىڭ قولىيازمىسىنى كۆرۈپ، ياردەمگە ئەسكەر چىقىرىشقا دەرھال رازىلىق بىلدۈردى. 1678- يىلى ئاپپاق خوجىنىڭ يولباشلىشى ئارقىسىدا جۇڭغار يېنىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى ئۇدۇللا بېسىپ كىرىپ قەشقەر بىلەن يەكەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئەسىرگە چۈشكەن ئىسمايىل خاننى پۈتكۈل ئائىلە ئۇرۇق جەمەتى بىلەن يالاپ ئىلىغا ئاپىرىپ نەزەربەنت ئاستىغا ئالدى. قۇرۇلغىنىغا 164 يىل بولغان يەكەن خانلىقى مۇشۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى.

غەيرىي دىنىي ھاكىمىيەتنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئاخىرى ئۆز دىنىنىڭ مەقسىتىگە يەتكەن ئاپپاق خوجا شۇ يىلىلا جۇڭغار يېنىنىڭ قانىتى ئاستىدىكى قورچاق ۋاڭ بولۇپ قەشقەر ۋە يەكەن ئەتراپىدىكى رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدا ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن تۈنجى «خوجىلار ھاكىمىيىتى» شۇنداق قىلىپ مەيدانغا كەلدى.

شۇندىن باشلاپ 19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە قەشقەردە
كەينى - كەينىدىن يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى
دېگۈدەك ئاپپاق خوجىنىڭ ئىسمىغا چېتىلىدۇ.

ئاپپاق خوجا تەختكە چىققاندىن كېيىن، دۆلەتنى دىن
بىلەن باشقۇردى، پەرمانلىرى قاتتىق بولدى، ئېتىقادتا بىر-
دەك بولۇشقا زورلاپ، قاراتاغلىقلار مەزھەپىدىكىلەرنى شەپ-
قەتسىزلەرچە باستۇردى. 1695- يىلى ئاپپاق خوجا ئۆلۈپ،
بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بەش كىلو-
مېتىر كېلىدىغان ھەزرەت دېگەن كەنتتە دادىسىنىڭ قەبرىسى
يېنىغا دەپنە قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ بۇ-
رۇنقى ئاددىيغىنە قەبرىسى كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىپ ياسىلىشقا
باشلىدى، بىر قانچە دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق
بۈگۈنكى كاتتا ھەيۋەتلىك ئاپپاق خوجا مازىرى بارلىققا كەل-
دى. بۇ مازار ئەسلىدە ئۇنىڭ دادىسى يۈسۈپ خوجىنىڭ نا-
مى بىلەن ئاتىلىشقا تېگىشلىك ئىدى، بىراق ئاپپاق خوجىنىڭ
دىنىي ساھەدىكى ئورنى، شۇنىڭدەك دىندىن خالى ھاكىمى-
يەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ پەيدا قىلغان زور تەسىرى
تۈپەيلىدىن ئەكسىچە ئەينى زاماندا ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە
دادىسىدىنمۇ چوڭراق نام - ئابرويغا ئىگە بولدى، شۇڭا بۇ
مازار بۈگۈنكى كۈنگە كەلگىچە ئاپپاق خوجىنىڭ نامى بىلەن
قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا ۋە قەشقەر شەھىرىدىكى مۇھىم ئاسارە-
ئەتىقىلەردىن بولۇپ قالدى.

ئاپپاق خوجا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خانىشى خانىم پاشا
ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. ھوقۇق تالىشىپ كېتىشتىن ساق-
لىنىش ئۈچۈن، خانىم پاشا ئاپپاق خوجىنىڭ ئوغلى يەھيانى

ئۇنىڭ ئىككىنچى بالىسى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. يەھيانىڭ ئۈچىنچى ئوغلىنى ئاق تاغلىقلارنىڭ مۇرىتلىرى خۇپىيانە يوشۇرۇپ قويۇپ ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالدى. خانىم پاشا تولىمۇ گۇمانخور، خۇنخور بولغاچقا كىشىلەر ئۇنى «جاللات خانىم» دەپ ئاتايتتى. ئاخىرى ئۇ ئۆكتىچى تەرەپنىڭ نەيزىۋازلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، 1697- يىلى يەھيانىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئەخمەتخان قەشقەردە خوجا ھاكىمىيىتىنىڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى.

ئەخمەتخان سىياسىي نەيرەڭ ۋە ئىجتىمائىي تەسىر جەھەتلەردە بوۋىسى ئاپئاق خوجىغا يېتىشەلمەيتتى، ئۇنىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، قاراتاغلىق ئىسھاق ۋەلىي جەمەتىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىدىن بولغان دانىيال يەكەننى ئىگىلىۋېلىپ ئۆز ئالدىغا خان بولۇۋالدى. ئىككى ھاكىمىيەت قارا ۋە ئاق تۇغىنى كۆتۈرۈۋېلىپ كەسكىن كۆرەشنى قانات يايدۇرۇۋەتتى. لېكىن ياچىۋەك تومۇزغىنى تۇتىمەن دەپ يۈرسە سېرىق قۇشقاچ ياچىۋەكنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ، دېگەندەك 1715- يىلى جۇڭغارىيە خانلىقى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوجىلار ھاكىمىيىتىنى كۆپ يىل ئولپان تاپشۇرمىدى دېگەن باھانە بىلەن، لەشكەر تارتىپ سوراق قىلغىلى كەلدى. موڭغۇل قوشۇنلىرى مارالبېشى بىلەن ئايلىنىپ بېرىپ يەكەنگە ھۇجۇم قىلغاندا دانىيال خوجا شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىپ تەسلىم بولدى؛ ئاندىن كېيىن دانىيال خوجا ئۆزى باش بولۇپ موڭغۇل قوشۇنلىرىنى يېتەكلەپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئەخمەتخاننى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن ئەسىرگە ئېلىپ ئىلىغا يالاپ ئاپىرىپ نەزەربەنت قىلىپ

قويدى. 1721 ـ يىلى جۇڭغار دىيە خانلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن دانىيال خوجا قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، خوتەن تۆت رايوننىڭ قورچاق خانى بولدى، قاراتاغلىقلار گۇرۇھى تۇنجى قېتىم مۇشۇنچىۋالا چوڭ دائىرىدە ئىككىنچى خوجىلار ھاكىمىيىتىنى قۇردى. 1727 ـ يىلى دانىيال خوجا ئۆلۈپ، خېلى ئۇزاق مەزگىل مالىمانچىلىق بىلەن ئۆتتى. 1749 ـ يىلى دانىيال خوجىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى يۈسۈپ جۇڭغار دىيە خانلىقىنىڭ تىزگىنلىشىدىن قۇتۇلۇپ، قەشقەردە ئۆزىنى مۇستەقىل خان دەپ ئېلان قىلدى، قاراتاغلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى راسا كۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى، بىراق قەشقەر ئەتراپى ئاقتاغلىقلارنىڭ كونا تەسىر كۈچ دائىرىسى بولغانلىقتىن، يۈسۈپ خوجا ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە قارشىلىق كۈچى كۈنسايىن ئۇلغىيىپ، يۈسۈپنىڭ خانلىقى چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈشكە باشلىدى. 1755 ـ يىلى چىڭ سۇلالە قوشۇنلىرى غەربىي دىيارغا يۈرۈش قىلىپ، ئاندىن بۇ ئەتراپتىكى خوجىلار ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ بىر ئوبدان راۋاجلىنىش ۋەزىيىتى، ئاپئاق خوجا دەۋرىگە كەلگەندە ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ بىر ئىزدا توختاپ قالدى. ئاپئاق خوجا دىننى ھاكىم مۇتلەق ئورۇنغا كۆتەردى، جامائەت پىكرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئېتىقادنى چەكلەش ئۈچۈن، قۇرئان بىلەن ھەدىستىن باشقا بارلىق كىتابلارنى كۆيدۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قەشقەر ۋە يەكەنلەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيىتى ۋە تارىخىي كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋەتتى، زور تۈركۈمدىكى

مەشھۇر ئالىملار ۋە شائىر- يازغۇچىلارنى تۇتۇپ دارغا ئاستى
ياكى سۈرگۈن قىلدى، كەڭ خەلق ئاممىسى خۇددى كىشىنى
بوغۇپ قويغاندەك جىمىپ كەتتى. مۇشۇنداق رەھىمسىز مۇھىت
ئىچىدە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن يۈرەكلىك مەشھۇر
شائىرى خىرقىتى (1634 - 1724) قەشقەردە ئۆز كارامىتىنى
كۆرسەتتى، شېئىرنى قورال قىلىپ رېئاللىققا جەڭ ئېلان قىلدى،
ئۆلمەس داستان «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە»نى يېزىپ چە-
قىپ، ئەدەبىياتنى دىنىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتقازدى. ئۇنىڭ
جۇش ئۇرۇپ تۇرغان تالانتى ۋە ئادەتتىن تاشقىرى جاسارىتى
كېيىنكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. «مۇھەببەتنا-
ۋە مېھنەتكامە» ئوبرازلاشتۇرۇش ۋە سىمۋوللاشتۇرۇشتىن ئى-
بارەت ئۇسۇلنى قوللىنىپ بۇلبۇل بىلەن قىزىلگۈل ئوتتۇرى-
سىدىكى ساپ مۇھەببەتنى تەسۋىرلىگەن بولۇپ، ياشلىق باھار-
نىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايەن قىلىپ، ئاپتورنىڭ ئەركىنلىككە
بولغان چەكسىز ئىنتىلىشىنى ۋە ئىنسان تەبىئىتىنى دەپسەندە
قىلىۋاتقان قاراڭغۇ جاھالەتكە بولغان قەھرى-غەزىپىنى ئە-
كىس ئەتتۈرگەن. خىرقىتى يۈسۈپ خاس ھاجىپ،
لۇتفى قاتارلىق شېئىرىيەت ساھەسىدىكى ئالدىنقى ئەجدادلارنىڭ
ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە،
يەنە ئۆزىمۇ دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، 18- ئەسىر-
نىڭ 7 - يىللىرىدىن كېيىنكى قەشقەر، شۇنىڭدەك شىنجاڭ را-
يونىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قايتىدىن گۈللىنىشىگە
قارىتا ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

# چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەشقەر سەنزەن داچىنى

مىلادى 1755 ـ يىلى، دۆلىتىمىزنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دۆلەت قۇرغانغا 100 يىلدىن ئاشقاندىن كېيىن، دۆلەت زېمىنىنى ۋە مەملىكەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ھەرىكىتىنى باشلىدى. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا، چىڭ قوشۇنلىرى جۇڭغار خانلىقىنى تارمار كەلتۈرۈپ، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىنى تىنجىتتى. قەشقەرنى مەركەز قىلغان تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار بۇ چاغدا يەنىلا يۈسۈپ خوجا باشچىلىقىدىكى قارا تاغلىقلار گۇرۇھىنىڭ تەسىر كۈچى دائىرىسىدە ئىدى. كىشىلەرنىڭ رايىنى ئۆزىگە قارىتىپ قارا تاغلىقلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن، چىڭ قوشۇنلىرى ئىلىدا ئەينى يىللاردا جۇڭغار خانلىقىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قاماقتا تۇرۇۋاتقان ئەخمەتخاننىڭ ئىككى ئوغلىنى، يەنى ئاپپاق خوجىنىڭ پەي نەۋرىسى بۇرھانىدىن بىلەن خوجى جاھاننى تاپتى. بۇلار تارىختا «چوڭ ـ كىچىك خوجىلار» دېيىلىدۇ. چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، چوڭ خوجا بۇرھانىدىن شۇ يىلى كۈزدە قەشقەرنى قايتۇرۇۋالدى؛ يىل ئاخىرىدا يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدا ئاق تاغلىقلارنىڭ بۇرۇنقى تەسىر كۈچى يەنە ئەسلىگە كەلدى. كىچىك خوجا ـــ خوجى جاھان پۇرسەت پىشىپ يېتىلدى دەپ قاراپ، چىڭ سۇلالىسىدىن ئايرىلىپ خوجىلار ھاكىمىيىتىنى قايتىدىن قۇرماقچى بولدى، ئاكىسى بۇرھانىدىننى

ھەرىكەتلەندۈرۈپ 1757-يىلىنىڭ بېشىدا چىڭ سۇلالە-
سىغا قارشى توپىلاڭ كۆتەردى. چىڭ قوشۇنلىرى 1758-يىلى
باھاردا ئەسكەر چىقىرىپ، چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ توپى-
لىڭىنى تىنجىتىشقا مەجبۇر بولدى. بىر يىلدىن كۆپرەك جەڭ
قىلىش ئارقىلىق، 1759-يىلى يازدا توپىلاڭچىلار مەركەز
قىلغان قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى-
دىكى بارلىق رايونلارنى قايتۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ چىڭ
ھۆكۈمىتى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى يېڭىباشتىن
بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۈيۈك پىلاننى ئاخىرى
ئىشقا ئاشۇردى.

قەشقەرنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇتقان ئورنىنىڭ مۇ-
ھىملىقىغا ئاساسەن، چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلىڭى بېسىق-
تۇرۇلغاندىن كېيىن 1760-يىلى چىڭ سۇلالىسى قەشقەردە سەنز
(تولۇق ھوقۇقلۇق)ۋەزىر تۇرغۇزۇپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدى-
كى سەككىز چوڭ شەھەر (قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ،
ئۇچتۇرپان، كۇچار، قاراشەھەر) نىڭ ھەربىي، مەمۇرىي
ئىشلىرىنى باشقۇردى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ھاكىم بەگ قويۇپ
شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا يار-
دەملەشتۈردى، سەنزەن ۋەزىر نىڭ قول ئاستىدا لەشكەر بېشى،
ياردەمچى ئامباللار تەسىس قىلىنىپ، مەخسۇس قەشقەر بىلەن
يېڭىسارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇردى. ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭنى
تىنچلاندۇرۇش ۋە ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئاكتىپ رول
ئوينىدى. سەنزەن ۋەزىر تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىنى
ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرىدىغان ئىلى جاڭجۈنىنىڭ ئىدارە قىلىشى-
غا قارايتتى. شۇندىن كېيىن بۇ خىل تۈزۈلمە گەرچە بىر

قانچە قېتىم ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن قەشقەرنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئورنى ۋە مۇقىملىقى تاكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغىچە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشكە ئېرىشتى.

1884- يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى تەگرى تېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ھەربىي مەھكىمىلەرنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى ۋە بەگلىك تۈزۈمىدىكى يەرلىك ئاپتونومىيە ھاكىمىيەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، رەسمى شىنجاڭ ئۆلكىسى تەسىس قىلدى، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئوبلاست، ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەردە «غەربىتىكى تۆت شەھەرنى چارلىغۇچى ھەربىي ۋىلايەت» تەسىس قىلىندى (قەشقەر ۋىلايىتىگە قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن — تۆت شەھەر قارايتتى). قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئورنى ھازىرقى قەشقەر شەھىرىدە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىدە كونىشەھەر ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ، قەشقەر ۋىلايىتىگە بىۋاسىتە قارايدىغان يېڭىشەھەر ئوبلاستىغا تەۋە بولدى (ئوبلاست ئورنى ھازىرقى يېڭىشەھەر ناھىيە ئىچىدە بولۇپ، 1828- يىلى قۇرۇلغان. ئۇ چاغدا قەشقەر خەنزۇ شەھىرى دېيىلەتتى. ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاندىن غەربىي خەن دەۋرىدىن كېيىنكى «سۇلې» دېگەن كونا نامى بىلەن ئاتالدى، شۇندىن ئېتىبارەن قەشقەر بىلەن يېڭىشەھەرنىڭ ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى). 1902- يىلى كونىشەھەر ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەھەر مەھكىمىسىگە قارايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى (مەھكىمە ئورنى يەنىلا يېڭىشەھەر ناھىيە ئىچىدە ئىدى)، مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن كونىشەھەر ناھىيىسى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ قەشقەر ۋىلايىتى-

گە، شۇنداقلا ھەر نۆۋەتلىك قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىگە بېنىپ ۋاسىتە قارايدىغان بولدى. پۈتۈن مەملىكەت ئازات بولغاندىن كېيىن، كونىشەھەر ناھىيىسى قەشقەر رايونىغا تەۋە بولدى. 1952 - يىلى 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەنىنىڭ رەسمىي تەستىقلىشى بىلەن قەشقەر شەھىرى قۇرۇلدى، شەھەر رايونى ئەسلىدىكى كونىشەھەر ناھىيىسىگە تەۋە رايونلار (ناھىيە مەركىزى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى رايونلارنى ئاساس قىلغان ھالدا) دىن بۆلۈنۈپ بارلىققا كەلدى، 1955 - يىلى كونىشەھەر ناھىيە مەركىزى قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي - جەنۇبىغا 16 كىلومېتىر كېلىدىغان توققۇزاق بازىرىغا كۆچتى.

18 - ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پەرغانە ئويمانلىقىغا جايلاشقان قوقان خانلىقى باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بۇ ئاساسەن ئۆزبېك مىللىتىدىن تەركىب تاپقان، ئىسلام دىنىنىڭ ئىشانلار مەزھىپىنى ھۆكۈمران كۈچ قىلغان بىر فېئودال خانلىق ئىدى. بۇ خانلىقنىڭ ئاھالىسى سودا قىلىشقا ماھىرلىقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا داڭ چىقارغان. چىڭ سۇلالىسى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، قوقان خانلىقى چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئىككى سودا ئالاقە مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈمىدىنى كۆپ قېتىم بىلدۈرگەنىدى. چىڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنىڭ خاتىرجەملىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن قەشقەر ۋە ئۈچتۇرپان ئىككى جاينى قوقان بىلەن سودا قىلىدىغان نۇقتىلىق سودا شەھىرى قىلىشقا، سودا ئالاقىسى جەھەتتە قوقان سودىگەرلىرىگە خىلمۇ خىل، ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشكە قو-

شۇلدى. بىراق قوقان ھۆكۈمىتى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەقسىتىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، ھەمىشە دېگۈدەك شىنجاڭ رايونىدا سىياسىي ۋە دىنىي جەھەتلەردە چىڭ سۇلالىسىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشەلمىگەن زور تۈركۈمدىكى كىشىلەرنى ئۆزىگە قوبۇل قىلدى. 1759 - يىلى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇرھانىددىننىڭ ئەۋلادلىرى تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇلار قوقانغا بېرىپ يوشۇرۇنۇۋېلىپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا پۇرسەت كۈتۈپ قەشقەردىكى ئاق تاغلىقلار بىلەن ئۇزۇنغىچە ئالاقە قىلىپ تۇردى. قوقاننىڭ ھەر نۆۋەتلىك ھۆكۈمرانلىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارنى تۇتۇپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى قايتا - قايتا تەلەپلىرىگە قارىماستىن، بۇ خوجا ئەۋلادلىرىنى چىڭ سۇلالىسىغا بېسىم ئىشلىتىدىغان مۇھىم كۈچ دەپ بىلىپ قوغداپ قالدى ۋە قوللىدى.

1757 - يىلى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىدىن باشلاپ تاكى 1857 - يىلىغىچە بولغان توپتوغرا 100 يىل جەريانىدا، قوقان ھۆكۈمرانلىرى خوجا ئەۋلادلىرىنى قەشقەرگە ھەربىي ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتتى ۋە قوللىدى. ئۇلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتناشتى. بۇ جەرياندا، 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى بۇرھانىددىننىڭ ئوغلى سامساق خوجا؛ 1820 - 1828 - يىللىرى سامساقنىڭ ئىككىنچى ئوغلى جاھانگىر خوجا؛ 1830 - يىلى سامساقنىڭ چوڭ ئوغلى يۈسۈپ خوجا؛ 1847 - يىلى جاھانگىر بىلەن يۈسۈپنىڭ يەتتە ئوغلى («يەتتە خوجا» دەپ ئاتىلىدۇ)؛ 1857 - يىلى جاھانگىرنىڭ

ئىنىسى باھاۋىدىنىڭ ئوغلى ۋەلىخان ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ،
كۆپ قېتىم قەشقەرگە ۋە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايون-
لارغا زور كۆلەملىك ھەربىي ھۇجۇم قوزغىغان بولسىمۇ، ھەم-
مىسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى. 1865- يىلىدىن 1878-
يىلىغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە قوقان دائىرىلىرى ئوچۇق-
ئاشكارىلا ئۆزلىرىنىڭ قوماندانى ياقۇپ بەگنى ئەۋەتىپ جا-
ھانگىر خوجىنىڭ كەنجە بالىسى بوزرۇك خوجىنى گۆرۈگە تۇتۇپ تۇ-
رۇپ، قەشقەرنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى ھەمدە بۇ جايىنى بازا
قىلىپ تۇرۇپ پۈتكۈل شىنجاڭنى دېگۈدەك بېسىۋالدى. ئاپپاق
خوجا ۋە بۇرھانىدىن خوجىلارنىڭ ئاتالمىش خوجا ئەۋلادلىرى
قوقان ھۆكۈمرانلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئېلىپ بارغان
بىر قاتار قوراللىق توپىلاڭلىرى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ قەش
قەرنى مەركەز قىلىپ ئارقا-ئارقىدىن قۇرغان ئەكسىيەت-
چىل ھاكىمىيەتلىرى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي بولۇپمۇ قەش-
قەر رايونىغا ھېسابسىز بالايى-ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى.
بۇ يەردىكى ئۇيغۇر خەلقى، بولۇپمۇ ئەسلىدىكى ئاقتاغلىقلار-
نىڭ مۇرىتلىرى نوقۇل دىنىي ئېتىقاد ۋە ئاپپاق خوجىغا بول-
غان شەخسىي چوقۇنۇشنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، دەسلەپتە خو-
جا ئەۋلادلىرىنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىغانىدى، ئويغانغان-
دىن كېيىن بەس-بەس بىلەن قوللىرىغا قورال ئېلىپ چىڭ
قوشۇنلىرىغا ياردەملىشىپ توپىلاڭنى باتۇرلۇق بىلەن بېسىق-
تۇردى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىچكىرىدىكى ھەر قايسى ئۆلكى-
لەردىن كەلگەن سودىگەرلەرمۇ ئاكتىپ ھالدا چىڭ قوشۇنلى-
رىغا ماسلىشىپ، يەرلىك خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە شە-
ھەرنى دۈشمەندىن مۇداپىئە قىلدى، تىللاردا داستان قىل-

غەندەك قەھرىمان شەخسىيەتلەر ۋە بۈيۈك، تارىخىي خاتىرىلەرنى ئورتاق يارىتىپ، قەشقەر تارىخىدا خاتىرىلەشكە بەكمۇ ئەرزىيدىغان سەھىپىلەرنى يېزىپ قالدۇردى. ياقۇپبەگ قورچاق ھاكىمىيىتىنىڭ يوقىتىلىشىغا ئەگىشىپ، خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ توپىلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن ئۈزۈل-كېسىل ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىدى. 1884- يىلى شىنجاڭ رەسمىي ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە دىنىي تۇرمۇشى نورمال تەرەققىيات ئىزىغا چۈشتى.

1760- يىلى چىڭ سۇلالىسى قەشقەردە ياردەمچى ۋەزىر مەھكىمىسى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر كونىشەھەر («خۇيچېڭ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، دائىرىسى بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ياۋاغ ۋە چاسا ئىككى ئاھالە كومىتېتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاھالىسىنىڭ ھەربىي ۋە دىنىي مۇناسىۋىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1762- يىلى كونىشەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئىككى چاقىرىم جايدا بىر يېڭى قەلئە ياسالدى، «ئايلانمىسى ئىككى چاقىرىم بەش پىڭ، ئېگىزلىكى بىر جاڭ توت چى، ئاستى قېلىنلىقى توت چى بەش سۇڭ، ئۈستى قېلىنلىقى توت چى بەش سۇڭ كېلەتتى. توت دەرۋازا قويۇلغان بولۇپ، ئىچىدە ئىسكىلات، يامۇل ۋە ئەمەلدار-ئەسكەرلەرنىڭ تۇرۇشلۇق ئۆيلىرى بار ئىدى» («ئۇيغۇرلار رايونلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»). قەلئە ياسالغاندىن كېيىن 1771- يىلى چيەنلۇڭ خان تەرىپىدىن «لەيىنىڭ قەلئەسى» دەپ نام بېرىلگەن بولۇپ، ئورنى بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىدىكى گۈزەلنچۇ تۇرۇشلۇق جايدا: كونا سېپىلنىڭ ھازىرمۇ

كۆرگىلى بولىدۇ. 1828 - يىلى لەيىنىڭ قەلئەسى جاھانگىر
خوجىنىڭ توپىلىڭىدا ۋەيران بولدى. 1839 - يىلى قەشقەر خوجىچىلىك
( يەنى كونىشەھەر، ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي را-
يونى) نىڭ ئۇيغۇر يەرلىك ئەمەلدارى زوھىردىن (تارىخىي
كىتابلاردا زوھىردىن ھاكىمبەگ دېيىلىدۇ) نىڭ زىياسەتچىلى-
كىدە بۈگۈنكى شەھەر ئىچى ئازاد شىمالى يول ھېيتگاھ مەي-
دانىنىڭ غەربىي ۋە شىمالىدىكى رايونلار كېڭەيتىپ ياسىلىپ،
كونىشەھەر بىلەن لەيىنىڭ قەلئەسى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇ-
رۇلدى ھەمدە بۈگۈنكى ۋىلايەتلىك پوچتىخانىنىڭ كونا جا-
يىدا بىر غەربىي دەرۋازا ئېچىلىپ، ھازىرقى قۇمدەرۋازا ۋە
ئۆستەڭبويى ئىككى كوچا باشقارمىسىنىڭ ئاساسلىق ئاھالە
رايونلىرى شەكىللەندى. 1867 - يىلى ياقۇپبەگ ئىشغالىيىتى
دەۋرىدە، قەشقەر قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئايلانما سېپىلى سەككىز
چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا، رەتسىز كۆپ تەرەپلىك شەكىلدە ئىدى، سې-
پىلدا سېپىل خەندىكى ۋە زەمبىرەك پوتەيى بولۇپ، يەكەن خا-
نلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى قەشقەر شەھىرى كۆلىمىدىن
ئىككى ھەسسىدىن ئارتۇقراق كېڭەيتىلگەنىدى. 1898 - يىلى
چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن گېنېرالى
ياڭ دېجۇن ئەسلىدىكى لەيىنىڭ قەلئەسىنىڭ كونا خارابىسى
ئۈستىدە كونىشەھەر بىلەن زىچ تۇتىشىدىغان يېرىم ئاي
شەكىللىك بىر يېڭى قەلئە ياسىتىپ، ھۆكۈمەت مەھكىمىسى
ۋە ئارمىيىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى قىلدى، بۇ چاغدا قەشقەر
سېپىلىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 12 چاقىرىم يەتتە پۇڭغا يەت-
كەنىدى. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ
«كۆلىمى چوڭ، كۆرۈنۈشى ھەيۋەتلىك ئىدى، شەھەر ئىچىدە كوچى-

لار ئۇزۇنىسىغا، توغرىسىغا كېسىشىپ كەتكەن، بىنالار رەت-
رەت، بازارلار زىچ شەكىللىنىپ، خۇددى ئۆلكە مەركىزىنىڭ (ئۈ-
رۈمچىنىڭ) نەنگىرەنگە ئوخشايتتى» («شىنجاڭغا ئومۇمىي تەزكى-
رىسى»دىن). ماھىيەتتە پەقەت شەھەر سېپىلىنىڭ ئۆزىنىلا ئالساق،
ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈرۈمچى سېپىلىدىن بىر چاقىرىم ئىككى يۈز
ئۇزۇن بولۇپ، كۆلىمى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇن-
دا تۇراتتى. پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولۇشىنىڭ ئەرپىسىدە
شەھەر رايونىنىڭ يەر مەيدانى 2.5 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ،
شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپى سىرتقا قاراپ ئازراق كېڭەيتىلگەن-
دىن تاشقىرى، ئاساسىي جەھەتتىن 1898- يىلىدىكى شەكلىنى
ساقلاپ كەلگەنىدى.

بىر باسقۇچتا، قەشقەردىكى ئاھالىلەر ئۇيغۇرلارنى ئاساس
قىلغان. يەنە ئەمەل تۇتۇش، سودىگەرچىلىك قىلىش ياكى
باشقا شەكىللەر بىلەن ئۇ جايغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قال-
غان خەنزۇ، مانجۇلاردىن سىرت، ئاساسەن خېلى سانىدىكى
ئۆزبېكلەر بۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ سېپىگە قېتىلغان. بۇ
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقان خانلىقىنىڭ ئىككى ئەسىرگە يې-
قىن ۋاقىت ئىچىدە قەشقەر بىلەن قىلغان ئىقتىسادىي، مە-
دەنىي، ھەتتا ھەربىي جەھەتتىكى مۇناسىۋەتتىن كېلىپ چىق-
قان. تۈمەنلىگەن قەشقەر ئاھالىسى قوقانغا كۆچۈپ بېرىپ ئول-
تۇراقلاشتى، لېكىن تېخىمۇ كۆپرەك ئۆزبېكلەر قەشقەرگە كې-
لىپ ئولتۇراقلاشتى. ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا،
دىنىي ئۆرپ - ئادەت ۋە تىل جەھەتتىكى ئوخشاشلىق تۈپەي-
لىدىن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۆزبېكلەر ئۇيغۇرلارغا
ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتتى، ئاز ساندىكىلىرى ئۆزىنىڭ مىل-

لەت ئايرىمىسىنى ساقلاپ قالدى. بۈگۈنكى قەشقەرنىڭ شەر-
قىدىكى قوغان يېزىسى بىلەن شەھەر ئىچىدىكى ئەنجان رەس-
تىسىنىڭ نامى، ئۆزبېكلەرنىڭ ئانا يۇرتى قوقان، شۇنىڭدەك
ئەنجاننىڭ نامى بىلەن ئاتالغانلىقى شۈبھىسىز.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە تۈزۈلۈپ پۈتكەن «مۇقام» يە-
نىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىش قوشۇش، رەتلەش ئارقىلىق، 18 - ئە-
سىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن كېيىن تەدرىجى ھالدا خىلالىنىپ
12 مۇقام بولدى، «12 مۇقام» شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇر مۇ-
زىكىسىنىڭ نەسەبى ۋە تۆۋرۈكى دەپ قارىلىپ، شىنجاڭنىڭ
ھەر قايسى جايلىرىغا كەڭ تارقالدى ھەمدە مۇشۇ ئارقىلىق
يەرلىك خاراكتېرگە ئىگە بىر قاتار چوڭ تىپتىكى گورۇپپى-
لاشتۇرۇلغان ئاھاڭلىرى كېلىپ چىقتى، قەشقەر سەنىمىدىن
سىرت يەنە باشقا جايلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان ھەر
خىل سەنەملەر مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن: قۇمۇل سەنىمى
كۇچار سەنىمى قاتارلىقلار. 1870 - يىلى قەشقەرلىك مۇھەم-
مەت موللا مۇقامنى ئىلىغا تارقاتقاندىن كېيىن، يالغۇز ئۆ-
زىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە ئىلى مۇقامى شەكىللىنىپلا قالماس-
تىن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا، يەتتە سۇ ۋادىسىدىكى مۇزىكا
تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينى-
دى. پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولغاندىن كېيىن، «12 مۇقام»
يەنىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

18 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن كېيىن، چوڭ تىپتىكى
مۇقام شەكلىدىكى مۇزىكىلار زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇ-
لۇش بىلەن بىرگە، ئۇسسۇللۇق مۇزىكىلار بىلەن ھەر خىل ئام-
مىۋى خاراكتېرلىك ئۇسسۇللارمۇ كەينى - كەينىدىن ئەۋج ئا-

دى. مەشھۇر «قەشقەر سەنەمى» ئۇسسۇلى مۇشۇ دەۋردىن باشلاپ قېلىپلاشتى؛ ھەر خىل مۇزىكىلىق ئۇسسۇللار لەرزان، جانلىق، جۇشقۇن، قىزغىن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى تولۇق نامايەن قىلىپ بېرىدۇ. 12 مۇقامغا ئوخشاشلا، مۇزىكىلىق «سەنەم» ئۇسسۇلىمۇ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب شىمالىدىكى ئومۇميۈزلۈك تارقاپ، ئۇيغۇر خەلقى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغان ئۇسسۇللاردىن بولۇپ قالدى. مۇشۇ چاغدا، روشەن جۇغلىنىشچانلىققا ئىگە چوڭ تېپتىكى قول ئۇسسۇلى «مەشرەپ» ۋە شۇنىڭدەك ھەر خىل سېرىك خاراكتېردىكى ئۇسسۇللارمۇ خەلق ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقانىدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى «نەپەدە» ئۇسسۇلى گىردىم قىلىش ۋە سەھنىلىشىش باسقۇچىغا قەدەم قويىدى، ئۇ تېخىمۇ نەپىس، ئەۋرىشىم بولۇپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ يېڭى نامايەندىسى دەپ نام ئالدى. ئەپسۇسكى بۇ خىل نەپەدە ئۇسسۇلى كېيىن پەيدىنپەي ئېكسپىلاتاتورلار سىنىپى مەخسۇس ھوزۇرلىنىدىغان ئويۇنغا ئايلىنىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۈزۈلۈپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى، پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولغاندىن كېيىنلا ئاندىن يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى ۋە يەنىمۇ راۋاجلاندى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭدا، بىر تەرەپتىن سىياسىي بىرلىك ۋەزىيىتى مۇقىملىشىشقا يۈزلىنىپ، ئىختىساد گۈللەپ - راۋاجلىنىشقا باشلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مىللىي، خەنزۇ فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى خەلققە چوڭقۇر ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى كەلتۈرمەكتە ئىدى. ئاتالمىش خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ شىنجاڭغا، بولۇپمۇ

قەشقەرگە قاراتقان پاراكەندىچىلىكى، بۇلاڭ-تالىڭى ھەر مىل-
لەت خەلقىنىڭ چەكسىز غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىدى. مانا
مۇشۇنداق ئالاھىدە بىر خىل ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، قەش-
قەرنىڭ مەدەنىيەت سەنئىتى چىڭ دەۋرىدە مىسلىسىز تەرەق-
قىياتلارغا ئېرىشتى. گۈزەل ئەركىن تۇرمۇشقا تەلپۈنۈپ، خەلق
ئۈچۈن گەپ قىلىدىغان زور تۈركۈم يازغۇچىلار ۋە شائىرلار
مەيدانغا چىقتى.

ئالدى بىلەن، 16 - ئەسىردىن كېيىن ئەرەب، پارس
تىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي تىلىغا كەڭ تۈردە سىڭىپ
كىردى، ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا پاي-
دىسىز بولغان بۇ خىل خاھىشنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، چىڭ
سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، قەشقەر-
دىكى زور بىر تۈركۈم ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ئۇيغۇر تىل - يې-
زىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تېگىشلىك ئورنىنى ئو-
مۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە باشلىدى. بۇ دەۋردە ۋۇجۇد-
قا چىققان مۇتلەق زور كۆپ ساندىكى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى
ئۇيغۇرچە يېزىلدى، ھەتتا پارسچە، ئەرەبچە ئەسەرلەرنى ئۇي-
غۇرچىغا تەرجىمە قىلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. مەسىلەن: 16 -
ئەسىردە ئۆتكەن قەشقەرلىك تارىخشۇناس مىرزا ھەيدەر
كوراگان يازغان «تارىخىي رەشىدىيە» نى
1750 - يىلى قەشقەردە ئاتاقلىق تەرجىمان
ھاجى موشۇر خەلپە پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ،
بۇ مەشھۇر ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تارقىلىش دائى-
رىسى ۋە سۈرئىتىنى تېزلەتتى. شىنجاڭنىڭ داڭدار تارىخىي
ئەسىرى «خوجىلار تەزكىرىسى» دە ئاپپاق خوجىنىڭ يەكەن خان-

لىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغىنىدىن تار-
تىپ تاكى بۇرھانىدىن خوجىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشى
ئارقىسىدا تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىنى قولغا كەلتۈرگىنىگىچە
بولغان پۈتكۈل تارىخىي جەريان بايان قىلىنغان. خەنزۇچە
تارىخىي ماتېرىياللاردىكى شىنجاڭ رايونىغا ئائىت مۇشۇ بىر
باسقۇچلۇق تارىخنىڭ نۇرغۇن بوش ئورۇنلىرى تولدۇرۇلغان،
داھايىتى يۇقىرى تارىخىي قىممەتكە ئىگە؛ ئۇنىڭ ئاپتورى
قەشقەرلىك تارىخشۇناس مۇھەممەت سادىق قەشقەرىدۇر (1685-
1765- يىللىرى).

بۇ دەۋردە، مۇۋەپپەقىيەتى ئەڭ يۇقىرى، تەسىرى ئەڭ
زور بولغىنى يەنىلا زور بىر تۈركۈم ئاتاقلىق شائىرلار ۋە
ئۇلارنىڭ ئۆلمەس شېئىرلىرىدۇر. مەسىلەن: قەشقەرلىك شائىر
كەشمىدىن 1799- يىلى يازغان داستان «ئارسىلانخان ھەققىدىكى
غەيرى تارىخىي ۋەقەلەر» دە قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرى-
دىكى بىر باسقۇچلۇق قەھرىمانلىق ئىشلار تەسۋىرلەنگەن.
قەشقەرنىڭ قوغان يېزىسىدىن چىققان ئىمىر ھۆسەيىن سەبۇ-
رى 19- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق ئىلغار شائىر
بولۇپ، ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرى ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى
«12 مۇقام» دا ناخشا تېكىستى قىلىنىپ خەلق ئاممىسى تە-
رىپىدىن ئىشتىياق بىلەن ئوقۇلغان؛ قەشقەردىكى نامرات ئا-
ئىلىدىن كېلىپ چىققان مۇنەۋۋەر شائىر تۇردى نازىم غېرىبى
(1802 - 1862) 1841- يىلى ئىجاد قىلغان پەلسەپىۋى دا-
ستان «كىتابى غېرىبى» نى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەڭ
ياخشى نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ؛ 19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلى-
رىدا ئۆتكەن قەشقەرلىك شائىر گۇمنام (بۇ ئەدەبىي تەخەللۇسى؛

ئەسلى ئىسمى ئېنىق ئەمەس) نىڭ لىرىكىلىق داستانى «غەزە-
لى كاشغەر» تىلىنىڭ تولىمۇ گۈزەللىكى ۋە كۈچلۈك ۋەتەنپەر-
ۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن يېقىنقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيەت مۇن-
بىرىدە ناھايىتى يۇقىرى ئورۇن تۇتىدۇ.

19 - ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ شائىرى قەشقەر
بۇلاق بېشىلىق ئابدۇرېھىم نازىرى (1770 - 1848) بولۇپ، ھې-
سابلىنىدۇ. ئۇ، 20 يېشىدا قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى ئىچىدىكى ئىس-
لام ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ، بۇ يەردە مول بى-
لىم ئاساسىنى ياراتتى. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن باشقى-
لارغا كىتاب نۇسخىلىرىنى كۆچۈرۈپ بېرىش بىلەن تۇرمۇش
كەچۈردى، 60 ياش چېغىدا ئاندىن شۇ جايدىكى ئۇيغۇر يەر-
لىك بەگنىڭ ھوزۇرىدا كاتىپلىققا تەيىنلەندى. جاپا - مۇ-
شەققەتلىك تۇرمۇش ۋە بەگنىڭ ھوزۇرىدا كۆرگەن بىلگەنلى-
رى نازىرىغا فېئودال ھۆكۈمرانلىق ئاستىدىكى قاراڭغۇ جا-
ھالەتنى چوڭقۇر تونۇتتى ۋە ھېس قىلدۇردى. ۋەھشى زوراۋان-
لىق ۋە ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئۇنى
يورۇقلۇق ۋە ئەركىنلىككە تېخىمۇ ئىنتىزار قىلدى. ئۇنىڭ
ھەر بىر پارچە شېئىرى ھۆكۈمران سىنىپلارغا بولغان نەپرەت
ۋە خەلققە بولغان مۇھەببەت بىلەن تولۇپ-تاشقان. ئۇ «مۇھەب-
بەت داستانلىرى» دېگەن باش تېما ئاستىدا 48 مىڭ مىسرا
شېئىردىن تۈزۈلگەن 25 داستان يېزىپ چىقتى، قاپىيەلىرى-
نىڭ نەپىسلىكى، تەسۋىرىنىڭ موللىقى، مۇھەببەت - نەپرى-
تىنىڭ ئايدىڭلىقى، ئۇنىڭ ھەر بىر ئەسىرىنى يېقىنقى زامان
ئۇيغۇر شېئىرىي ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھىرىگە ئايلاندۇردى، شۇنى-
ڭدا ئۇنىڭ ئىسمىنى ۋە ئەسەرلىرىنى تىلغا ئالىدىغان بول-

سا بىلەلەيدىغان ئادەم يوق دېيەرلىك. ئۇ تارىختىن بۇيانقى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بويىچە ئۇيغۇر شېئىرىيەت مۇنبىرىدىكى ئىجادىيەتكە ئەڭ باي، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەڭ ئۇستۈن، غايەت زور چولپان بولۇشقا مۇناسىپ! ئابدۇرېھىم نازارىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى ئىككى ئەسىرى 1835- يىلى يېزىپ چىقىلغان «رابىيە - سەئىدىن» داستانى بولۇپ، ئۇ پۈتۈنلەي ھەقىقىي ئۆتكەن ئادەم ۋە ئىشتىن ئۆزگەرتىپ تۈزۈپ چىققان، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ لياڭسەنبەي بىلەن جۇيىڭتەي ھېكايىسىدۇر. بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، رابىيە-سەئىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پاك، سەممىمىي مۇھەببىتىنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ، بۈگۈنكى كۈنگىچىلىك شىنجاڭ ھەرمىللەت خەلقى ئارىسىدا تارقىلىپ كەلمەكتە. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ داستان كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىپ تۈزۈلۈپ سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاممىنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشتى.

(ھېكىم ئىدرىس تەرجىمىسى)

# قەشقەردە كۆتۈپخانىچىلىق

مۇھەممەت ئوسمان

گوۋۇيۈەن 1986-يىلى 12-ئاينىڭ 20-كۈنى قەشقەر شەھىرىنى تارىخىي-مەدەنىي شەھەرنىڭ بىرى دەپ ئېلان قىلدى. كۆتۈپخانىچىلىق قەدىمكى شەھەر — قەشقەر شەھىرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. تۆۋەندە، قولىمىزدىكى تەلىيى ئوڭ كېلىپ ساقلىنىپ قالغان پارچە-پۇرات ماتېرىياللار ئاساسىدا كىتابخانىلارغا قەشقەرنىڭ كۆتۈپخانىچىلىقى ھەققىدە قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز. قەشقەر كۆتۈپخانىچىلىقىنى قىسقىچە بايان قىلىشتىن ئاۋۋال، قەدىمكى كۆتۈپخانىچىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قىلىش ئەھۋالى ھەققىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتىمىز.

## قەدىمكى كۆتۈپخانىچىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى

كۆتۈپخانىچىلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئىنسانىيەت تارىخىي تەرەققىيات ئېقىمى بويىچە مەيدانغا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. قەدىمكى زامانلاردا خەتھېرۇغلۇپ شەكىللىرىدىن ئاستا - ئاستا ھەرپ ئاساسىغا كۆچۈپ، كىتابلار يېزىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئالىم، داناكىشىلەر ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرى شەخسىي كىتاب يىغىشقا باشلىغان. كېيىن تە-

رەتقىسى قىلىپ كىتابخانا بىنا قىلىنىپ، كىتابلار مەقسەتلىك
جۇغلانغان ۋە باشقۇرۇلغان. قەدىمكى كۇتۇپخانىچىلىق مۇنداق
ئۈچ دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن:

(1) جانلىق كۇتۇپخانىچىلىق دەۋرى، يادقا ئېلىش دەۋرى.

مىلادىدىن ئىلگىرى يۇنانلىقلار ئادەملەردىكە «ئىلىئادا»، «ئودىسا»، «ئىسادا» قاتارلىق كىتابلارنى؛ ئىسرائىلىلار ۋە بابىل، ئاسورىيىلىكلەر ئىبرانى تىلىدىكى «تەۋرات»، «ئىنجىل»، «زەبۇر» قاتارلىق كىتابلارنى؛ ئەرەب، پارس ۋە تۈركلەر بولسا «قۇرئان»، «مەسهەب»، «هەدىس» قاتارلىقلارنى ياد ئالدۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا ئىنسانلار ئارىسىدىكى خەۋەرچىلىك ئىشلىرىدا پوچتا بولمىغاچ، خەۋەرچىلەرنى تاپشۇرۇلغان گەپلەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن يادلاپ ماڭىدىغان ئىشلارمۇ بولغان، ھەتتا بۈگۈنكى ئىگەموسلارغا ئوخشاش خەۋەر - ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈش، ياغاچ پۈتۈكى قاتارلىقلار بىلەنمۇ بىلدۈرىدىغان ۋاقىتلارمۇ بولغان. ئۇنىڭدىن سىرت، كىتاب ۋە قول يازمىلاردىكى ھەممە نەرسىلەرنى بىرلا ۋاقىتتا تەڭلا بىلىپ كەتكىلى بولمىغانلىقتىن، كىشىلەر ئاشۇ خىل يازمىلاردىكى مەزمۇنلارنى بىر قەدەر چۈشەنگەن كىشىلەردىن سوراپ ئۆگىنىدىغان ۋە شۇ ئاساستا بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولىدىغان ۋاقىتلارمۇ بولغان. يۇقىرىقىلار ئىنسانىيەتنىڭ جانلىق كۇتۇپخانىچىلىق دەۋرى ياكى كۇتۇپخانىچىلىقنىڭ جانلىق دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ.

(2) قەبرە (گۆرۈستانلىق). — كۇتۇپخانىلىرى دەۋرى.

قەۋرە كۇتۇپخانىلىرى دېگىنىمىز — مەلۇم بىر كىشىۋاپات بولۇپ كەتسە، مەرھۇم بىلەن بىرگە ۋەسىيەتنامە، ۋەسىقە،

كىتابلارنى بىللە كۆمۈپ ساقلايدىغان ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ،
قەبرە كۇتۇپخانىلىرى ئاساسەن، تا بىلھىسا بىللىنى ئۆلتۈرگەندىن
كېيىنلا ئادەم بالىلىرى ئارىسىدا قىرغىنچىلىق، ئۇرۇش-
تالاش يۈز بېرىشكە باشلىدى. غالىپلار مەغلۇپلارنى بوزەك
ئېتىپ، ئۇنىڭ يەر - زېمىن، ئۆي - ماكان، خوتۇن - قىزلى-
رىنى ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلىغاندىن تاشقىرى تەئەللۇقات-
لىرىغا ئوت قويۇپ، خالىغانچە ۋەيران قىلىدىغان زالىمە-
رىكەتلەر يۈز بەرگەنلىكتىن، ئىنسانلار ئارىسىدا خاتىرجەم-
رەك ۋە تىنچراق جاي دەپ، كىتاب، ۋەسىقە، توختام، ھۆججەت،
خەت - چەك ۋە مال - دۇنيالىرىنى قەبرىستانلىقلاردا ساقلاپ،
كۆڭلىنى ئىمىن تاپقۇزغاندىن تارتىپ بارلىققا كېلىشكە باشلىغان.
«ھەزرىتى موللام» (قەشقەر ئوپالدا)، «يۈسۈپ قادىرخان غازى
پادىشاھىم — خاس ھاجىپ» (قەشقەر خەلق باغچىسىدا)، «سە-
ئىد ئەلى ئارسلانخان» (يېڭىسار ئوردامدا) ۋە دۆلەتباغنىڭ ما
زارلىرىدىكى «كىتاب ساندۇق» لىرى ۋە قەبرىلەر ئىچىدە
تاكچىلاردا ساقلانغان كىتاب، خەت - چەك، ۋەسىقىلەر قەش
قەردىمۇ قەبرىستانلىق كۇتۇپخانىلىرىنىڭ بولغانلىقىنىڭ
ئەمەلىي مىسالىدۇر.

(3) چوڭ - چوڭ كۇتۇپخانىلارنى ياساپ مەقسەتلىك ھال-
دا كىتاب ساقلاش دەۋرى.

دۇنيا ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىگە قەدەم
قويغاندا كىشىلەر ئارىسىدا قەدىمكى كىتابلارنى ئۆز را-
يى بويىچە ئۆزگەرتىدىغان «ھاۋارىيونچىلار، بىدئەتە-
چىلەر» چىقىپ، كىتابنىڭ ئەسلى تېكىستلىرىنى تۈرلۈك ئۇ-
سۇللار بىلەن قىرىپ، ئۆزىگە ياقمىغان مەزمۇنلارنى چىقى-
رىۋېتىدىغان ئىشلار مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بى-

لەن كىشىلەر ئارىسىدا كىتابلارغا گۇمانى قارايدىغان ئەھۋاللار شەكىللەندى. پىرئاۋىن دەۋرىگە كەلگەندە، ئىسكەندەرىيىدە يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللارنى تۈگىتىش ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈتۈپخانا تەسىس قىلىنىپ، مىسىر تەۋەسىدىكى كىتاب، خەت يېزىلغان تېرە، تاختىلارنى توپلىغان ۋە كۈتۈپخانىچىلىق كەسپى ئۇيۇشتۇرۇلغان، شۇنىڭدىن كېيىن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، جۈملىدىن پەرگام (كىچىك ئاسىيا) شەھىرى كۈتۈپخانىسىمۇ زور قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەپ كەتكەن.

## قەشقەردىكى كۈتۈپخانىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمى

يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت قەدىمكى شەھەر — قەشقەردە 10 - ئەسىردىلا «مەدرىسەئى ساچىيە»، «مەدرىسەئى ھامىدىيە» نامىدىكى ئىلىم يۇرتلىرى بولغانىدى. بۇلاردىن «مەدرىسەئى ھامىدىيە» قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى «دۆلەتباغ» دېگەن يېزىنىڭ «بارىگاھ» دېگەن كەنتىگە ئورۇنلاشقان، يەنە دۆلەتباغ دەپ ئاتالغان پادىشاھلىق باغنىڭ غەربىگە، تۈمەن دەرياسى ساھىلىغا «سائادەت كۈتۈپخانىسى» دېگەن بىر كۈتۈپخانىنىڭ ئورۇنلاشقانلىقى قەدىمكى يەر نامىلىرى تەزكىرە كىتابى ۋە ۋەسىقىلەردە قەيت قىلىنغان. بۇ كۈتۈپخانىلاردا نۇرغۇنلىغان ئالىملارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى جەملىنىپ ساقلانغانىدى. ئەپسۇسكى خىزىر خوجا دەۋرىدىكى توپىلاڭدا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك كىتابلار كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان مەشھۇر كىتابلاردىن ئالىم مەھەممەت بىننى ئەلىيۇل قەشقەرىنىڭ «كىتابۇ زىرائەت» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىنغان قەشقەردى-

كى گۈل - گىيا، زىرائەت تۈرلىرى، قەشقەرنىڭ يېزا ئىگىـ
لىك، تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، ياشىغان ھايۋانات، قۇشلار
قاتارلىقلارنىڭ تارىخىي تەزكىرىسىنى يېزىشتا تولىسى قىممەتـ
لىك بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر كىتابـ
تا خاتىرىلىنىشىچە قەشقەردە ئەينى ۋاقىتتا ئۆستۈرۈلگەن
گۈللەردىن: بىنەپشە، سۇمبۇل، رەيھان، گۈلى ئابباس، نافەرـ
مان، ئەبىرۇسەۋسەن، ئەنبەرۋەخوخا گۈل، نايۇ، ياسەمەن، گۈلشەن،
گۈلى سەدبەر، قامچا گۈل، ھېيداد، تۆگە قۇيرۇق، تەلە گۈل،
خوبادگۈل، گۈلى قەھقەھ، گۈلى ئەمەش، باعادى، گۈلى نەرـ
كەس، خۇرۇبەس، تاجىگۈل، گۈلى شەمسى، گۈلى كاككۇك، گۈلى
نەسرىدىن، لالە، خېنەگۈل، چىنەگۈل، گۈلى ھىندۇ، گۈلى كەشمىر،
قىزىلگۈل، ژالە، ئەترە... قاتارلىقلار؛ مېۋىلىك دەرەخلەردىن:
ئانار، ئەنجۈر، پىستە، بادام...؛ خۇشپۇراق ئۆسۈملۈكلەرـ
دىن: مېھرىگىيا،...؛ زىننەت دەرەخلىرىدىن: قارا سۆگەت
سېرىق سۆگەت، چىنار، تالىمەجنۇن؛ چۆل ئۆسۈملۈكلىرىدىن
جۇزغۇن، يۇلغۇن، سوك - سوك، چاكاندا، قىرىق بوغۇم، ئادىـ
راسمان (زەھەر ئېلىشقا)، قومۇش، يېكەن، چىغ...؛ كۆكـ
تاتلاردىن: سەۋزە، چامغۇر ....؛ ئۆي ھايۋانلىرىدىن قوي...؛
ياۋايى ھايۋانلاردىن: قۇلان، چېركىن قۇلان (ياۋا ئات)،
جەرەن، ئارقار، ياۋا ئەچكە، قاشقالىق بۆكەن، ياۋا تۆگە،
كېيىك...؛ كۆشەندە ھايۋانلاردىن: بۆرە، يىلپىز، تۈلكە،
ئېيىق، شىر، سىلەيسۇن؛ ھايۋان ۋە قۇشلاردىن: پايپاقلىق
چىل، قىزىل تۇمشۇق قاغا، دوغداق، كەكلىك، ئۇلاي، بولغۇن،
ئاغمىخان، سۆسەر، جاڭگال توشقىنى...؛ يىرتقۇچ قۇشلاردىن
ياپلاق بۇركۈتى، قىزىل لاچىن، سېرىق تىرناق، لاچىن، سا،

چۈغۈندەك، غىجى، لاچىن دېۋانى قاتارلىقلار. دەپ ھەممە
قۇش، ئۈستى ملۈك، كۆل-كىيىكلارنى داۋاسى بىلەن قوشۇپ يازغان.
ئۇنىڭدىن باشقا كىتابتا يەنە 12 مۆچەلنىڭ ئۇيغۇرچە
ئاتالمىسىمۇ يېزىلغان. مەسىلەن:

ئۇيغۇرچە ئاتالمىسى:

(1) قوزا
(2) ئۇي
(3) قوشكىزەك
(4) يولۋاس
(5) لەھەڭ
(6) بىغداي بېشى
(7) تارازا
(8) چايان
(9) ياچاق
(10) ئوغلاق
(11) سوغا
(12) بېلىق

پارسچە ئاتالمىسى:

(1) ھەمەل
(2) سەۋرى
(3) جەۋزا
(4) ئەسەد
(5) سۇنبۇل
(6) سەرتان
(7) مىزان
(8) ئەقرەب
(9) قەۋس
(10) جەدى
(11) دەلۋى
(12) ھوت

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە، بۈيۈك سەئىدىيە سەلتەنەتىنىڭ بىرىنچى ۋارىسى سۇلتان ئابدۇرەشىتخان قەشقەردە ۋالىيلىق قىلىۋاتقان ئۇچىنچى ئوغلى سوپى سۇلتانغا ئالاھىدە نامە يېزىپ، ئۇنىڭ كىتابچىلىق ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىشنى تاپىلاپ مۇنداق دېگەن: «پەرزەنتى چەمەنزارىم: بۈزرۈكۋار سۇتۇق بۇغراخان غازى پادىشاھىم، باھادىر ئىسلام، پەزىلەتلىك ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ مەقبەرە گۆرۈستانىنى تەسىر ئەيلەپ، كىتابلار يازدۇرۇپ ۋەخپى قىلىپ، نامى ئەزىزىدىن سەلتەنەتىمىزنىڭ ئىقبالىنى قۇزۇن ئەيلىگەيسىز.»
ئۆزىنى ئېمپېراتور ئەزەم دەپ ئاتاشقا پۈتكۈل ئاۋامغا

بۇيرۇق چۈشۈرگەن. داۋگۇاڭنىڭ قەشقەرگە قويغان ھاكىمى لۈكچۈنلۈك زوھۇردىن ھېكىم بەگ كاتىپى ئابدۇرېھىم سىجىللات (نازارى)، نورۇز ئاخۇن كاتىپ قاتارلىقلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، توققۇز يۇرتنىڭ ئەھلى خەتتاتلارنى ئوردىغا يىغىپ، ئوپالنىڭ دوغلات دېگەن يېرىدىكى بەش مولۇق باغقا ئۇلارنى پاراۋان تۇرمۇش بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ شائىر ئابدۇرېھىم نازارىنى باش قىلىپ «ئەخلاقى مۇھسىنى» («گۈزەل ئەخلاق») قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازدۇرۇپ، ئۇنىڭغا خەنزۇ، مانجۇ، ئۇيغۇرچە يېزىقلاردا ئويۇلغان تامغىسىنى بېسىپ، شەھەر ۋە سەھرالاردىكى مەدرىس، مازار، مەكتەپلەرگە «ۋەخپى ئام» دېگەن نام بىلەن تارقاتقان. ھازىر بۇ كىتابلارنىڭ بىر قىسمى قەشقەر شەھەرلىك كۈتۈپخانىنىڭ قەدىمكى كىتابلار ئارخىپ ئامبىرىدا ساقلانماقتا.

20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، قەشقەر شەھىرىدىكى 20 دىن ئارتۇق «مەدرىسە» نامى بىلەن تونۇلغان ئىنستىتۇتلارنىڭ ھەممىسىدە كۈتۈپخانىلار بار بولۇپ، ئۇلاردىن «تالىپ» دەپ ئاتالغان ئەينى دەۋر ستودېنتلىرى پايدىلىناتتى. قۇمۇل ۋەقەسىدىن كېيىن، 1932- يىلى قەشقەر ئەنجان رەستىسىدە «مىللەت كۈتۈپخانىسى»، 1938- يىلى خەلق كلۇبىدا «ئۇيغۇر ئۇيۇشما كۈتۈپخانىسى»، «مىن جىياۋگۇەن» («ئاۋام ماتارىپى سارىيى» مەنىسىدە — تەھرىر) كۈتۈپخانىسى؛ 1950 - يىلىدىن ئېتىبارەن شەھەردە «خەلق كۈتۈپخانىسى»، «دوستلۇق كۈتۈپخانىسى»، «بالىلار كۈتۈپخانىسى» قاتارلىق كۈتۈپخانىلار پائالىيەت ئېلىپ بارغانىدىن تاشقىرى 1956- يىلىدىن باشلاپ، رەسمىي ھالدا شەھەرلىك كۈتۈپخانا قۇرۇلۇپ ھازىرغىچە خەلق ئۈچۈن خېلى ياخشى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەر شەھىرىدە پېداگو-

گىگا ئىنستىتۇتى، دارىلمۇئەللىمىن، ھەر قايسى ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر، شۇنىڭدەك زاۋۇت، كان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ھەم شەخسىيلەر يولغا قوي- غان ھەر خىل شەكىلدىكى كۇتۇپخانىلارمۇ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

## [قىسقا خەۋەر]

يېقىندا، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ «تارىخىي ما- تېرىياللار تەتقىق ھەيئىتى» يىغىن چاقىرىپ، ئالدىنقى بىر مەزگىللىك خىزمەتلەرنى يەكۈنلەپ، تەجرىبەلەرنى جارى قىل- دۇردى. ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈزەتتى ھەمدە «تارىخىي ماتېرىياللار» تەھرىر ھەيئىتىنى قايتىدىن تولۇقلىدى ۋە تەر- تىپكە سالدى. «تارىخىي ماتېرىياللار» نىڭ ئۇيغۇرچىسىنى نەشر قىلىشتا ئۆتكەنكىدەك تەرجىمىنى ئاساس قىلىدىغان بىر تەرەپلىمىلىك ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە يېزىقتا يازغان ما- تېرىياللىرىنى توپلاپ، تەھرىرلەپ چىقىرىشنى ئاساس، تەر- جىمە ماتېرىياللارنى چىقىرىشنى قوشۇمچە قىلىشنى بېكىتتى. يېڭىدىن بېكىتىلگەن تەھرىر ھەيئەتلىرىنىڭ ئىسىملىكى تۆۋەندىكىچە (ئۇيغۇرچە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى): ئابدىرشىت ھاجى، ئابدىقادىر ھېيت، ئابلىمىت سابىر، جاۋ- شىڭخەن، سۇرۇڭچۈن، شياۋدېرۇڭ، قەمەرجان، قۇربان ئىمىن، مازېشيەن، مۇھەممەت ئوسمان، مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى، ۋاڭشياڭ، ۋاڭ يىڭلىن. ھەيئەت مۇدىرى: سۇرۇڭچۈن، مۇئا- ۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭشياڭ، ئابدىقادىر ھېيت.

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئابدۇغەنى ھۇسەيىن

جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت
كېڭىشى قەشقەر شەھەرلىك تارىخى
ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى
تۈزدى

«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787مم، 1/32، 5.75 باسما تاۋاق
تىراژى: 1000

باھاسى: 2.00